غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# مۇھەببەت، ئىشىكىڭنى ئاچ

(2010 — 2014 - يىللار)



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap

图书在版编目(CIP)数据

爱情开门吧：维吾尔文 / 霍吉穆罕买提·穆罕买提著. -- 喀什：喀什维吾尔文出版社, 2014.8
ISBN 978-7-5373-2716-9

Ⅰ. ①爱… Ⅱ. ①霍… Ⅲ. ①诗集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 190816 号

策　　划：艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑：其曼古丽·阿吾提
责任校对：麦麦提斯迪克·塔伊尔
特约校对：阿不都热依木·阿不力米提
装帧设计：努尔买买提·艾买尔

| | |
|---|---|
| 作　者 | 霍吉穆罕买提·穆罕买提 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998 - 2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　本 | 880 × 1230 毫米　1/32 |
| 印　张 | 8.5 |
| 版　次 | 2014 年　8 月第 1 版 |
| 印　次 | 2014 年　12 月第 1 次印刷 |
| 定　价 | 40.00 元 |

# مۇندەرىجە


بىر كېچىلىك كارىۋات ........ 1
ياشاپ بولالمىغان ھايات ........ 2
قۇل ئىشكىدە يۆكۈندى سۇلتان ........ 3
تېڭىرقىغان بۇ جېنىم ........ 4
ئەينەك ........ 5
ۋارقىراش ........ 6
چۈشلەر دەرياسى ........ 7
سۆيگۈدۇر گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىمۇ ........ 9
دوزاختىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش ........ 10
يارەنلىرىم نەغمە باشلاڭلار ........ 12
يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار ........ 14
كۆزلەردە تاشقىنلار ۋىساللىق ئاخشام ........ 16
ئۆتمە تۆشۈك مۇھەببەت. ........ 17
مەن ئىدىم ........ 19
ئىشقىڭدا مەن ئۆلۈپ بولغاندا ئەرۋاھ ........ 20
ئاھ مېنىڭ قەلبەمدە، مېنىڭ قەلبىمدە ........ 21
تاغ ئۇلتۇرار تاغ باشىدا ........ 22
كېلەرمەن مۇھەببەتنى قىلىپ بايراق ........ 23
مەن شېئىر يازغىنىم ئۆچۈن يىغلىدىم ........ 24
قىرىق تال چېچىنىڭ قىرىقىنچىسى ........ 25
قەلبىمنىڭ تېپتىنچ يېرىم كېچىسى ........ 26

ئالۋاستى ئورمانلىقى ........................................ 27

ئاستا ـ ئاستا يەنە ئۆزۈم مەن ........................................ 29

مىنى، مىنى چاقىرما ........................................ 30

سۈكۈت ئاستى قوڭغۇراق ........................................ 31

شېئىردىكى كېچىلەرنىڭ بىرىدە ........................................ 32

بەتلەر ........................................ 33

ناتونۇش (داستان) ........................................ 35

تۇنجى يارنىڭ ساھىبجامال ھەسرىتى ........................................ 60

تەسۋىرلەيمەن ئۆلۈپ كېتىشنى ........................................ 62

ھەممە ئادىم بىر گۈل ـ گۈلىستان ........................................ 63

تىمسقىلاپ يۈردۈم گويا كېچىدە. ........................................ 64

ئۆلۈپ كېتىپ چۈش كۆردۈم ........................................ 65

ئۆلۈۋاتسام ئويغاتما ........................................ 66

ئاۋازىڭنىڭ تەڭرىتاغلىرى ........................................ 67

بىر ئادەم كەلمەكتە بەلكىم مەن ئەمەس ........................................ 68

يامغۇر ئايال بولمىسا ئىدى ........................................ 69

بىر كۈن ئىلگىرى ۋە بىر كۈن كېيىن ........................................ 70

كۆزلىرىڭنى بەر ........................................ 71

باھار رەڭلىك ياپراقلىرىمدىن ........................................ 72

سەھەر گۈلشەنىدە ئىسمىڭ قىزىلگۈل ........................................ 73

سەن ........................................ 74

كېچىدە بىر يۇلتۇز قانات قاقماقتا ........................................ 75

شېئىرلىرىم ئۆلۈم پۇرايدۇ ........................................ 76


ئۇچرىشايلى گۈگۈمدىن يىراق ........................................ 77

پەريادى ئەجەم ........................................ 78

ئالغىن بۇ يۈرىكىم، مېنىڭ يۈرىكىم ........................................ 79

گۈگۈم، خىرە ـ شىرە دېرىزە ........................................ 80


قش كۆنلىرىنىڭ داستىخىنىدا ........................ 81
كېچە تەنلىك ئايال قوينىدا ............................ 82
مۇھەببەت دەشتىنى كەزدىم قىرىق يىل .............. 83
بىر بىچارە قەلەندەر ئىكەن ............................ 91
ناتونۇش ئۆلۈم ............................................ 92
ئامرىقىم سۆيۈشەيلى ...................................... 93
يارنىڭ تويى مېنىڭ ئۆلۈمەم ............................ 94
نەدەقەر دەھشەتلىك ئىسمىم ئاھ، خۇدا .............. 95
بارچە بايراقلار ئىچىدە .................................. 96
شامال بولۇپ چىقسام تالاغا............................. 97
تويۇم بولغاندا يىغلايدىغان قىز ....................... 98
يالغۇز ئوغلۇم ............................................ 100
قەلبىم ..................................................... 101
قىز كېچىسى گۈلدەك ھۆپپىدە ........................ 102
كۆكۈم قانىتى چىلاشتى جامغا ........................ 104
مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئۆتمۈشى ئەمەس .............. 105
دوختۇرخانا ئىشكىدە ..................................... 106
ئەي كۆڭلۈم توختىما ھەسرەت چېكىشتىن .............. 107
قۇتۇلار شېئىرمۇ بىر سۆز ـ بىر سۆزدىن .............. 108
كۆزۈڭدە كېچىدە قارا ئىتلىرى ........................ 109
ئىشق چۆللىرىنى كېزىپ مىڭ يىل ..................... 110
بىرىنچى ئۆلۈمىم تۇغۇلغاندىكى ........................ 111
تىرەكلىك يوللاردا كۆڭلۈم هارۋىكەش .................. 112
مەن جۇدا ................................................... 113
كۆكۈم يىغلار قارا تاشقا ................................ 115
بىمارستان .................................................. 116
كۆزلىرى قاپقارا خىلۋەت بىر بۇلاق .................... 117




مېنىڭ دەريا بولغان مەلىكەم ........................ 118
بىر غېرىب ناخشىدىن كېيىن ........................ 120
كىم مېنى ئاشىق دەر جۇلدۇر - كېپەندە ........................ 121
يار قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ........................ 122
تېنىمدىكى ئاسماندا چاراقلايدۇ يۇلتۇزلار ........................ 123
گۈگۈم گەمسىدە يوچۇن ئاشىق ........................ 124
كۆكلەم قاقسا جۇۋىسىنى دېرىزەمنىڭ ئالدىدا ........................ 125
چۈشۈمنىڭ تۆشۈكى ئاسمان ........................ 126
بىر غۇنچىنىڭ سەھرى ........................ 131
قارىشىپ تۇرغاندەك ئىككى ئەينەك ........................ 132
تاراسلاپ چۈشسە يامغۇر دېرىزەمگە ........................ 133
ئاھ يەكەن دەرياسى، قاراڭغۇ كېچە ........................ 134
كىمنىڭدۇر كۆڭلىنى تىلەپ ئىشكتە ........................ 136
جەنۇبتا مۇھەببەت ئارتىدۇ ياغلىق ........................ 137
مۇھەببەت ھەممىدىن قاراڭغۇ كېچە ........................ 138
بىچارە كۆلكەمدىن چېقىلدى ئەينەك ........................ 149
تونۇش بىر ئۆلۈمنى قالدىم ئۇچرىتىپ ........................ 140
ئەرشتىن ساڭگىلاپ تۇرار يالغۇزلۇق ........................ 142
چۈنكى بۇ شەھەردە سۆيگۈ بىر سەنئەت ........................ 143
ئەي مېنىڭ تېگىمگە يەتكۈچى جانان ........................ 144
كۆتۈش بىر سەنئەت ........................ 145
يۈرىكىم ئىبسقلىق دەرۋازىلارغا ........................ 146
قەلبىمنى سورىما ........................ 147
شىشىدىن ساندۇق ياساپ ........................ 148
پاتىمەمنىڭ كۆڭلىكى ........................ 149
كۆڭلۈمدە ھىلال ئاي يېرىم يۇمىلاق ........................ 150
يەتتە ئاسمان ئەينىكى ........................ 151

قايسى چۆلدە قوياي كۆڭلۈمنى ............ 152
سۆيگۈ دېگەن گۈزەل جىنايەت ............ 153
سۆيگۈنىڭ رەسمى يىرتىلغان يۈرەك ............ 155
يۈرەكتىن يۈرەككە توشۇيمەن باھار ............ 156
مەن غۇۋا بۇ كەچتە كوچا بالىسى ............ 157
قارنىڭ ئاپپاق چۈشى ............ 158
ساراڭ ھاياجان ............ 159
ئاپتاپلىق يامغۇر ............ 160
سوۋۇماس كۆڭلۈمدە بىر پىيالە چاي ............ 161
لېۋىمدە لېۋىڭنىڭ ئاياغ ئىزى بار ............ 162
دەردىڭدىن قوغلىما ............ 163
كۆز ياش سىياھ ............ 164
تاملىرى گۈل بىلەن ياسالغان زىندان ............ 165
نەگىمۇ بارارمەن ئىتتەك سوكۇلداپ ............ 166
بۇ شېئىر يار بىلەن لىق تولغان كېچە ............ 167
ئاخشام چۈشۈم ئۇخلىمىدى ............ 168
مېنى مەندە كۆردۈڭلارمۇ؟ ............ 170
مېنى مەندە تۇرغۇزمىدى ............ 171
بىر بالقىم ئاپتاپ ............ 172
كىتابلاردىن چىقىپ كەت ............ 173
يېشىل شاخلار تەۋرىنەر قاچان ............ 174
قۇمغا كۆچكەن خەلقلەر ............ 175
تەنىنىڭ مونولوگى ............ 177
تىنىمىز ئۆركەشلەر سەۋدايى قاندەك ............ 179
قۇپقۇرۇق قەدەھ ۋە شېرىن ئەسلىمە ............ 180
ئايالار كېلىڭلار، كۆيمەكتە شائىر ............ 181
يارىمنىڭ لېۋىدە ئاخىرقى كېچە ............ 182

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap




سۆيگۈنىڭ ئەڭ يىراق تاغلىق كەنتىدە ........................ 183

كەلگەن قىز ........................................ 184

تەڭرى يوللىرى ئەگرى ـ توقاي ........................ 185

شېئىر، بۇ ئازاب .. ................................. 187

ھارغىن ئۆيۈمدىن چىقتىم ............................ 189

قارا قۇچقاچ بولۇپ سايرىسام ......................... 190

غېرىبلىق قەسرىدە ئۆلۈپ كېتىمەن ..................... 191

مەندىكى كېسەلنى قايسى ئۆلتۈرەر ..................... 192

قەدىمكى سەھرادا بىر مالچى بالا ...................... 193

ئىشكنى چەكسۇن بىردەم تۇرۇپ يار ..................... 194

قار ياغدى خىيالدەك لەيلەپ ـ لەپىلدەپ ................. 195

ئەي جېنىم، جان نەدە ساڭا بەرگۈدەك .................. 196

شەھەردىكى قىش .................................... 197

جاھاندا ئەڭ گۈزەل ئايال قەيەردە؟ ..................... 198

بۇ قەلبىم كىملەرنىڭ ئۆيى، بىلمىدىم .................... 199

كۆزۈڭدىكى ئاسماندا ................................. 200

ئەدەبىيات مەكتەپىنىڭ قوناقلىقىدا ...................... 201

گۈل بىلەن بۇلبۇلنى كۆڭلۈمگە سىزدىم .................. 202

چۈشۈمنى كۆرمەكتە تامدىكى رەسىم ..................... 203

مەن ئەمەس ئاياللار يېتىلگەن ئىت ...................... 204

مەن بۈگۈن ......................................... 205

كۈندە بىر قۇياش .................................... 206

تەن گۈللۈكىڭىزدە ئۇخلايمەن .......................... 207

سىم ـ سىم ياغار خىياللار، ئويلار ....................... 208

يارنىڭ چوغدەك قىزىل ياغلىقى ........................ 210

ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ئۆزۈمنى ............................. 211

جېنىڭغا بىر قەدەم قالغاندا ئۆلدۈم ..................... 212

زەرەتگاھتىكى ئوت ........................ 213

سالام ئانا، دوڭغاق سەھرا ........................ 214

يەر قاراپ ياتار ئاسمانغا ........................ 216

مېنى قوغلىۋەت ........................ 217

سۆيۈپ يىغلا، سۆي مەن لۆكچەكنى ........................ 218

ئاستا ... ........................ 219

ئوغلۇم ۋە كېسەل ........................ 220

ئۆزۈڭنى ئۇنۇت ........................ 221

ياريار تۇرپان ........................ 222

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسى ........................ 224

كۆڭلۈمنى شاماللار كەتتى يېتىلەپ ........................ 227

ئۇخلايدۇ چۈشۈمنىڭ كارىۋىتىدا يار ........................ 228

قىزلار شاملى ........................ 229

مەن ئۆزۈمنى كەتتىم سېغىنىپ ........................ 230

قاچقۇن ........................ 232

يوقسۇل ........................ 233

كەچكۈزدىكى قەلبىم ........................ 234

شېئىر ئىزاھى ........................ 235

كۆز ياش پىچاق ........................ 236

ئاشىقلار قاتارى ........................ 237

ياردەك ئۆلۈم ........................ 238

جانانجان ........................ 239

ھېيت ........................ 240

شەھەرنىڭ ساقايماس كىندىك يارىسى ........................ 241

ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆلۈڭلار ........................ 242


بەد مۇقام ........................ 243

مېنىڭ كۆڭلۈم تېخىچىلا ئاق ........................ 244

مۇشۇ ئېغىر لەھزىلەر ئارا ............................................ 245
قىش بىر قوتۇر ئىت .................................................. 246
ئۆلۈمگە ئالغا! ........................................................... 248
تايـاق ...................................................................... 250
غوجىمۇھەممەد ۋاپات بولدى .......................................... 254
قىساستا ھايات بار ..................................................... 256
قومۇلغا كىرىـش ......................................................... 258



KUTADGU BİLİG KİTAP EVİ
قۇتادغۇ بىلىك كىتاپخانىسى
Kartaltepe Mah Geçit Sok No:19A Küçükçekmece İSTANBUL
0212 579 61 03

# بىر كېچىلىك كارۋات

جىمجىت ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم
چۈشۈمدىكى يەنە بىر دۇنياغا بارغاندا
سېنىڭ قۇچىقىڭدا ئويغىنىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم
جېنىم يارىم!...

روھىمنى باشقىلارغا سىلاتقۇزما
تېنىمنى قۇچىقىڭدىن باشقا يەردە ياتقۇزما
مېنى يۈرىكىڭدە تىرىك ساقلا
ئەزەلدىن ئاسمان
يەردە ساڭا توختاپ
جىمجىت ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشەندىم
مەن ياتقان بىر كىشىلىك كارۋات
بىر كىشى ئۆلىدىغان كارۋات
...

2010 ـ يىلى 30 ـ ئىيۇل. خوتەن

# ياشاپ بولالمىغان ھايات

يولنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېلىسەن
قورام تاشنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېلىسەن
سۇنىڭ ئالقىنىدىن قېچىپ كېلىسەن
ئوتنىڭ بارمىقىدىن ئېقىپ كېلىسەن
ساڭا ئۆلۈم پۈرايدىغان بىر زىخ كاۋاپمەن
ئىككى كۆزۈڭ ئارىسىدا چاقناۋاتقان قۇياشمەن
تۈكلەر يەلپۈنىدۇئۈستۈڭدە ئەتىرگۈلدەك
ھۆل چاچلىرىڭ توختىمايدۇ تاھارەتتىن
مۇدھىش رومال يۈرىكىمنىڭ ئۈستىدە
بۇلۇتلىرىمنىڭ قانىتىنى سۇندۇرۇشنىڭ قەستىدە
ئىھ!...
سانائەت ئىرغىتقان قورام تاشلارنى
مۇھەببەت تۆكۈۋاتقان ئاچچىق ياشلارنى
ئىبادەت ئاپپاق قىلغان قارا چاچلارنى
ئارغامچىنى تۇتۇپ تۇرغان پەرۋەردىگارنى
ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى يارنى
ئىھ! ...
ساڭا بىرەي دېگەن تا ئۆلگىچە
ياشاپ بولالمىغان ھاياتىم...

2010 ـ يىلى 6 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

# قۇل ئىشكىدە يۈكۈندى سۇلتان

گۈل گۈلگە ئاتتى چۆلنى، جۇدانى
چۆل چۆلگە ئاتتى گۈلنى، سابانى،
دىل دىلغا ئاتتى ئوتنى، خۇدانى...
ئىلاھىم ئايرىما جەبرۇ ـ بالادىن.


قۇل ئىشكىدە يۈكۈندى سۇلتان
كىردى ئايغىغا ھەم يەتتە ئاسمان
يارنىڭ باغرىدىن ئۇ تاپسا شەرەپشان
ئىلاھىم ئايرىما جەبرۇ بالادىن.

يارنىڭ سىياقىدا كۆرۈندى ئەجەل،
تەڭرى بايرىقىنى كۆتۈردى غەزەل،
ماڭدى دەشتمۇ دەشت مەجنۇن، قەلەندەر
ئىلاھىم ئايرىما جەبرۇ ـ بالادىن.

باش ئۇردى بىر قۇل سۇلتانغا ئەمدى
ياردىن مۇبارەك پەرمانغا ئەمدى
قايتماس ئەبەد ئۇ، دەۋرانغا ئەمدى
ئىلاھىم ئايرىما جەبرۇ ـ بالادىن.

2010 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

www.uyghurkitap



# تېڭىرقىغان بۇ جېنىم

تەرەپ ـ تەرەپ، تۇشمۇ تۇشتىن كېلىپ شامالدەك
ماشىنىلاردەك، بىنالاردەك، پۇلدەك، ئايالدەك
سوغۇق ئاپتاپتا چېچەكلىگەن قاردەك ئاپپاق شېئىردەك
ۋارقىراشلار قىمىرلاۋاتقان قەبرىستانلىقتەك
ئۆلۈمسىزلىك ئۆلتۈرۈۋاتقان كۆللى ئىنساندەك
ئاپپاق يۈزلۈك تەبەسسۇمدىن يىرتقان كېپەندەك
يۈرەك تاشلاپ كېتەلمىگەن ئېغىر ۋەتەندەك
تېڭىرقىغان جېنىمنى...
قەيەردە قوياي؟!...
يىغلاۋاتسام ياشلىرىمدا قۇرۇپ كەتكەن قان
ياشلىرىمدا ئۆركەشلىگەن سۇمبۇل چاچ
تاشلىۋەتكەن مېنى مەندىن ھايات ۋە مامات
تېڭىرقىغان بۇ جېنىم
چېكىپ ھەممە ئىشىكنى ئۆلۈمنىڭ
قايتىپ كەلدى نائىلاج!...


2010 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

# ئەينەك

سەندە كۆرۈنگەن قانچىنچى ئاي،
يالغۇزسىرايدىغان قايسى پەسىل؟
مەندىن ئارتۇق ھەسرىتى يوق
مەندىن ئارتۇق كۈلكىسى يوق
سەندىكى ئادەم نېمانچە بېخىل؟!
ۋۇجۇدى لەختە ـ لەختە گۆش، سۆڭەكى پارچە ـ پارچە ئاي
تېنى دانە ـ دانە قۇم، جېنى مىلىق ـ مىلىق لاي
چۈش كۆرىدىغان يوتقاندەك قاراڭغۇ ۋە چوڭقۇر خىيالدا
سۇمبۇل چاچلار
تۆگىلەر، كولدۇرمىلار، مۇقاملار
بىر قەدەھ شاراب
ئارقىسىغا قاراپ
ياشاپ تۇغۇلغان ئەجەل...
ئەينەك،
سەن
كۆرۈنگەن ئادەمنىڭ قولىدا
كۆرۈنمىگەن ئادەم قەيەردە؟
ئادەم قەيەردە؟!...

2010 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

www.uyghurkitap



## ۋارقىراش

تېرەمنى يىرتاي، كۆرۈڭلار گۆشۈمدىكى قاۋاقاتقان ئىتلارنى
كۆزۈمنى يىرتاي، كۆرۈڭلار زۇلمەتتىكى سايراۋاتقان
 ھوقۇشلارنى
قېنىمنى يىرتاي، كۆرۈڭلار قەبرىستاندەك يىمىرىلمەس
 سۆڭەكلەرنى
نىچۈن ئادەم بولغانمەن دەرەخلەرگە يامىشىدىغان
 ئاھ خۇدا!... خۇدا دېيىشتىن قورقىدىغان
سۈبھىدىكى يۇلتۇزلاردەك گۈللەرنى غەمكىن ئېچىلدۇرىدىغان
تەنگە چۈمۈلىدىغان پىچاقلاردەك پاكىز تاھارەت
كۆكسى لىغىرلاپ تۇرغان ئاھانەت
ئاھ
مەيدىسى تۆكلۈك ئاق ئات ۋە قارا ئات!
...
سوغۇق قۇياشتا بىر قارا ئادەم
ھارغىن نەزەر تاشلار زېمىندىكى قەبرىلەرگە.

2010 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

# چۆشلەر دەرياسى

قىرغاق بولمىغان چۆشلەر دەرياسى
سېنىڭ يالغاچ تېنىڭمىدۇ؟


ھەسەن ـ ھۆسەن ئارغىماقلىرىنى مىندى
شىلدىر ـ شىلدىر...
قورسىقىدا مارجان تاشلار
دۈمبىسىدە يورۇق شېئىر...

تېنىڭ يېتەكلەر ئاسمانغا
چاچلىرىڭ ئارىسىدا بارماقلىرىم كىشنەپ ھارغاندا
ئۇرۇش بولىۋاتقان ئوتتۇرا شەرق
يوشۇرۇن ئۆلۈۋاتقان شادىمان خەلق
ئەجەل پارتلىغان خىياللار...
ئاھ، ئوغدا يات
قۇرۇپ كېتىشتىن ئۆلگىرى
ئىككى پۇتۇڭنى ئىككى ياققا تارت
ئوتتۇرىدا ئوغدا يات!...
سېنى سۆيۈشۈم ھاياتىمدىن بىر كېچە چۆش
سېنى سۆيۈشۈم مۇھەببەتتىن بىر تامچە قان
سېنى سۆيۈشۈم كائىناتتىن بىر يورۇق يۇلتۇز
سېنى سۆيۈشۈم ئۆلۈمىمدىن بىر ئاپقۇر...



سىنى سۆيۈشۈم مەست بولۇشتىن ئىلگىرى
ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى
جىنايەتنىڭ يۈزىنى ئېچىش
ئاسماندىكى ئادەمگە...

2010 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# سۆيگۈدۇر گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىمۇ

سۆيگۈدۇر گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىمۇ
سۆيگۈدۇر شىرنىقلاپ ئۇچقان خازان ھەم.
ئىچىمنى ساماغا تولدۇرۇپ لىپىلىق
روھىمغا چىرماشقان ئاشۇ يىلان ھەم.

ئۆلگەندە تۇپراققا قوشۇلۇشۇم ھەم
ئاسمانغا كېتىشىم ئۆلگەندىن كېيىن،
سۆيگۈدۇر جاھانغا لەنەتلىك كۆزدە
بېقىشىم قەلبىمنى بىلگەندىن كېيىن.

سۆيگۈدۇر يار ئۈچۈن قۇربان بولۇشمۇ،
سۆيگۈچۈن شۇ يارنى ئۆلتۈرۈش ھەتتا،
سۆيگۈدۇر قەبرىنىڭ ئالدىدا يىغلاپ
بۇ چەكسىز سۆيگۈنى ئەسلىگەن دۇنيا.

سۆيگۈدۇر جېنىمغا چېكىلگەن ئەجەل،
سۆيگۈدۇر شېئىرنى باسقان جاراھەت.
مەن نىچۈن بىر ئالەم سۆيگۈ ئىچىدە
تۇرىمەن قەلبىمگە قىلىپ ئاھانەت؟!

2010 - يىلى 18 - ئاۋغۇست. خوتەن

# دوزاختىن كۆتۈرۈلگەن قوياش

بېشىم قازاندا تۇر، يۈزۈم ساماندا تۇر
جېنىم جاناندا تۇر، دىلىم ئارماندا تۇر
ئۆلسەم زېمىندا تۇرمايمەن،
دېگىن تەڭرىم: ئاسماندا تۇر...
چېكەتكەڭمەن بوغدايلىقىڭدا
چىرىلداپ يۇلتۇزلارنى ئۇخلاتمايمەن.
قاراڭغۇ كېچەڭمەن ئەنسىز، ئۈمىدسىز
شىرىلداپ دەريالارنى توختاتمايمەن.
دەرەخلەرنىڭ يولۇچىسىمەن
شامالالارنىڭ قەلەندىرىمەن
تاغلارنىڭ تاغلىقىمەن
باغلارنىڭ ياغلىقىمەن...
ئادەملەرنىڭ غېرىبىمەن
جىنلارنىڭ يېنىكىمەن
سۇنىڭ سۈزۈكىمەن
ئوتنىڭ قىزىقىمەن
ئىچىمدىمەن، تېشىمدا مەن
يىراقتىمەن، قېشىمدا مەن
ساداقىمەن، ئوقىمەن
بارمەن، يوقمەن...
يار دېگەن ئايال

يار دېگەن خۇدا
يار دېگەن ۋەتەن
يار دېگەن مەن...
كېتىۋاتىمەن
تۇرمە تاملىرىغا خەت يېزىشقا،
تېنىمنى قېزىپ
جېنىمنى تېپىشقا...
ئوت ئوغرىلىغىلى دوزاخلاردىن
جەننەتلەر ئۇچۇن
جەننەتلەردىن قېچىشقا...
بېشىم سايىنىڭ تېشىدۇر
قەلبىم تاشنىڭ يېشىدۇر
ھەر كۇنى
ھەر كۇنى
چاچار ئاگا يالقۇنلىرىنى
جەننەت ئاسمىنىدىكى
دوزاختىن كۆتۈرۈلگەن نۇرانە قۇياش!

2010 ـ يىلى 20 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

www.uyghurkitap

## يارەنلىرىم نەغمە باشلاڭلار

ئۆلۈك بولسام مېنى يادلاڭلار
تىرىك بولسام ئوتقا تاشلاڭلار.
كېرىپ مېنىڭ تىرەمدىن داپنى
سۆڭىكىمدىن ياساپ راۋابنى
يارەنلىرىم نەغمە باشلاڭلار.

تېنىڭلاردا مىلىق ـ مىلىق جان
دىلىڭلاردا چىلىق ـ چىلىق قان.
قولۇڭلاردا قۇرۇپ كەتكەن جام
ئۆيۈڭلەردىن كۆچۈپ كەتكەن تام...
ئۆلۈك بىلەن تولغان ئىچىڭلار
هازا ئېچىپ يىغلار تېشىڭلار.
ئىچىڭلاردىن قېچىپ كېتىڭلار
تېشىڭلاردىن قېچىپ كېتىڭلار...
كېچىلەرنى ساناپ قېچىڭلار
چۈشۈڭلارنى چاناپ قېچىڭلار.
يېشىڭلارنى كېچىپ قېچىڭلار
قېنىڭلارنى چېچىپ قېچىڭلار.
مۇھەببەتكە قاچماڭلار ئەسلا
بارسا كەلمەس يولدۇر مۇھەببەت.
ھەقىقەتكە قاچماڭلار ئەسلا،

قايتپ كەلگەن قۇلدۇر ھەققەت.
شېئرلارغا قاچماڭلار، ئەرشتن
قېچپ كەتكەن ئاسماندۇر شېئر.
ئۆز قەلبدن قېچپ كەتكۆچە
يازالمايدۇ ھېچقانداق شائر...

ئۆلۆك بولسام دوزاختا دەڭلار
تىرك بولسام ئۆلتۆرۆپ يەڭلار

يۆركم داپ، سۆڭكم راۋاب
پۇتۇم ساما، قوللرم ھاۋا
جېنم مۇقام، بر كاسە تەمبۇر
تېنم دەريا، ھايات بر ئاپقۇر..
كرپكمنڭ كەينگە ئۆتۆپ
قاچانغچە تۇرمەن كۆتۆپ
يارەنلرم نەغمە باشلاڭلار!...

2010 ـ يلى 20 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار

1

باغلار كاككۇك، چىچەكلەر دەريا
سۇلار ئاقار مامۇق بەدەندە.
ئۇسسۇل ئوينار دەشتى ـ باياۋان
جەندىسىنى تاشلاپ چىمەندە.
كىرپىكلەردىن ئۇزۇن كىچىگە
كارۋان تارتىپ ماڭدى كۆك ئاسمان.
ھەسرىتىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ
ناخشا ئېيتار غەمكىن بىر جانان.
يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار
يالغۇز يۈرەك ئاتنى قامچىلار...

2

ئەينەكلەرنىڭ ئاسمانلىرىدا
چاقنار يارنىڭ ھۆسن ـ جامالى.
ئەينەكلەرنىڭ دەريالىرىدا
ئاقار يارنىڭ دەردى ـ خىيالى.
ئەينەكلەرنىڭ ئېتىزلىقىدا
پورەكلىگەن بىر تال قىزىل گۈل.

ئۆزۈش ئۈچۈن ئاشۇ گۈلنى ئاھ
پارە ـ پارە سۇندى بىر كۆڭۈل.
يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار
يالغۇز يۈرەك ئاتنى قامچىلار...

3

غېرىبلىقى چۆلنىڭ بىر كۆڭۈل
شىلدىرلايدۇ دەردى ـ بالالار.
ئەجەل كەلگەن ماۋى پەلەكتىن
جاراڭلايدۇ ناخشا ـ ناۋالار.
تەڭرىگىچە تاكى ئادەمدىن
تۆكمەيدۇ ئىشقى ـ مۇھەببەت.
چاقىرىدۇ يارىنى زار ـ زار
قەبرىسىدە يالغۇز بىر جەسەت.
يىراقلاردا يامغۇر تامچىلار
يالغۇز يۈرەك ئاتنى قامچىلار...

2010 ـ يىلى 21 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

## كۆزلەردە تاشقىنلار ۋىسالىلىق ئاخشام

قەيەردە باشلىنىپ، قەيەردە تۈگەر
تېنىڭدە كۆرۈنگەن تارام ـ تارام يول؟
كۆزۈڭنى تىككەنسەن قايسى ئۇپۇققا،
گوياكى سۈپسۈزۈك ئىككى ئەينەكتەك
تۇرغاندا روھىمىز ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل؟!

كىم چالغان ئۆلۈمنىڭ مۇزىكىسىنى،
كىم كەتكەن كەلمەسكە ئەبەدىلئەبەد؟
كىم تۇرغان ئۆزىدە كەتمەيدىغاندەك،
كەلمىگەن، كەتمىگەن كىم ھەم ئاقىۋەت؟!...

كۆزلەردە تاشقىنلار ۋىسالىلىق ئاخشام
كۈيلەر شاد لەۋلەرنىڭ قىزىل گۈللىرى.
بىز ئىككى ئەينەكمىز قارىشىپ تۇرغان
ئارىمىز پايانسىز تەگرى چۆللىرى...

2010 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر. خوتەن

# ئۆتمە تۆشۈك مۇھەببەت

ئايرىلمايلى، دۇنيا تولغۇچە
قۇچاقلايلى بىر - بىرىمىزنى.
توپان كەلمەكتە، بىزنىڭ كېمىمىز
بىزنىڭ
ئۆتمە تۆشۈك مۇھەببىتىمىز.

چېچى ئۆستەڭدىكى يىلان
بىزنىڭ مەختۇمسۇلا، بىزنىڭ
ئەينەكتىكى قاراڭغۇ ئاسمان.

تېنى قەشقەرلىك ئايال داستان
بىزنىڭ نۇزۇگۇم، بىزنىڭ
رەستىدىكى يالىڭاچ ئورمان.

ئەجەلنى قوشاقتا قېتىپ يىغلاۋاتقان،
بىزنىڭ ئانىمىز، بىزنىڭ
ئۆلۈكنى تۆگىگە ئارتىپ
كېتىۋاتقان تەكلىماكان.

ئايال بىزنىڭ ئەر بولغىنىمىز
شېئىر بىزگە قايتىدىغان چۆل.
ھايات بىزگە پاتىدىغان كۆن،

ئۆلۈم بىزدە ئېچىلىدىغان گۈل.
بىردەم توختايلى
تەمبۇر چالغان غېرىب زەخمەككە
نەي ياماشقان يالغۇز تىرەككە.
دۇتار چالغان دەردى ـ ھىجرانغا
ساتار قىلغان نالە ـ پىغانغا،
راۋاب ئۇت قويغان ئېگىز ئاسمانغا...
بىردەم توختاپ
بولغان چاغدا مۇقام قەلەندەر
ئۆلۈۋېلىشقا كەلگەن بىر توپ ئەر
ئۆرگىلىگەن، چۆرگىلىگەن يەر
ئەينەكلەردىن قاچقان ئاياللار
كىيىملىرى ئەتلەس شاماللار
بەدەنلىرى شاخلاپ، غۇلاچلاپ
بۇزۇۋەتكەن قىرغاقلىرىنى
ئېقىپ كەتكەن، ئاققان ئاھ، تاكى
قۇرۇپ كەتكەن تەكلىماكاندەك...

قۇچاقلاپ تۇرۇپ بىر ـ بىرىمىزنى
بىردەم يىغلايلى!

2010 ـ يىلى 10 ـ سىنتەبىر. خوتەن

## مەن ئىدىم ...


تېنىڭدە زامانلار بولغاندا بارخان
مەن ئىدىم چۈشۈڭدە ئۆتلىغان كىيىك.
كۆزۈڭدىن ئۆمىلەپ قوپقاندا ئاسمان
مەن ئىدىم بۇلۇتتەك يىغلىغان يىپەك.

سەن ياشاپ تۇرغان بۇ ھايات مەن ئىدىم
بارغانچە مەنىسىز، بارغانچە غېرىب.
مەن ئىدىم سەن ئارام ئالىدىغان گۆر
بىر كۈن سەن ياشاشتىن قالغاندا ھېرىپ.

تۈگىمەس سۆيگۈ ۋە گۈزەللىك ئارا
ئىدىڭسەن گوياكى چەكسىز كائىنات.
جان بېرىپ ئۇ تىمتاس كائىناتقا مەن
يۇلتۇزدەك ئۈن ـ تىنسىز قاقاتتىم قانات.

مەن سەندە بار ئىدىم ھەردەم لىپمۇ لىق
كۈتەتتىڭ ۋەلېكىن بولۇپ ئىنتىزار.
باغرىدا ئېچىلغان گۈل ـ چېچەكلەرنى
سەزمەستىن قايغۇغا پاتقاندەك باھار...

2010 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر. خوتەن



# ئىشقىڭدا ئۆلۈپ مەن بولغاندا ئەرۋاھ

ئىشقىڭدا ئۆلۈپ مەن بولغاندا ئەرۋاھ
ئۆلۈم دەپ بىلەرسەن بۇ مۇھەببەتنى.
تىرىلىپ قالسام مەن قەلبىڭدە قايتا
قەيەرگە كۆمەرسەن غېرىب جەسەتنى؟...

چۈشۈڭنىڭ قاراڭغۇ كېچىلىرىگە
كۆزۈڭنىڭ تاڭدىكى شەبنەملىرىگە...
پەلەكتە ئاسمان يوق، زېمىندا يەر يوق
سەندە سەن يوق، قۇرۇق، قۇپقۇرۇق...

2010 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر. خوتەن

## ئاھ مېنىڭ قەلبىمدە، مېنىڭ قەلبىمدە...

بىر ناخشا ھەسرەت بار، بىر غۇنچە باھار
بىر دەريا چۆل بار ھەم بىر دۇنيا خىيال
بىر ئۆمۈر ئۆلۈم بار، بىر ئۆلۈم ئىشق
ئاھ مېنىڭ قەلبىمدە، مېنىڭ قەلبىمدە...

بىلمەنى باغلايمەن يارنىڭ چېچىدا
دىلىمنى داغلايمەن ئاتەش يىراقتا.
ئەبەدىي چاقنايدۇ ئىقبال جۇلاسى
پۇتۇمنىڭ ئاستىدا تۇرغان يىراقتا.
چۆل مېنىڭ قەلەندەر بولغان جىنازام
گۈل مېنىڭ توزۇغان كۆڭلۈم يېگانە.
بىر دوزاخ يالقۇن بار، بىر جەننەت شاراب
ئاھ مېنىڭ قەلبىمدە، مېنىڭ قەلبىمدە...

2010 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر. خوتەن

www.uyghurkitap

# تاغ ئولتۇرار تاغ باشدا

ئەرش بىر قايرىلىپ پەرۋەردىگارغا
يۈرەك بىر قايرىلىپ لەيلى ـ ئانارغا
جان بىر قايرىلىپ پەسلى ئەجەلگە
تەن بىر قايرىلىپ كەتتى مازارغا.

تاغ ئولتۇرار تاغ باشدا
ئاي ئاھ ئۇرار كۆن قاشدا
ئىبقىپ ئۆزىنىڭ كۆز ياشدا
يۈرەك بىر قايرىلىپ كەتتى يارغا...

2010 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر. خوتەن


## كبلەرمەن مۇھەببەتنى قلسپ بايراق

مەن ھامان يىراقلاردىن قەلەم تارتىپ
دەردۇ ـ غەم، پىراقلاردىن ئەجەم تارتىپ
ھاياتقا ئۆلۈملەردىن ئەلەم تارتىپ
كبلەرمەن مۇھەببەتنى قلسپ بايراق؟...

نبمشقا قوبۇل ئەتمەي بۇ ئەجەلنى
ئۇندا يار تۇرسا ئبيتسپ بۇ غەزەلنى
يار تبنى دەشتى ـ چۆلدۇر تەكلماكان
نبمشقا مەن قلماسمەن چۆلنى بوستان
نبمشقا، نبمشقا مەن، نبمشقا مەن
مەندە مەن، مەندە كشەن، مەندە ۋەتەن؟
نبمشقا مەندە خۇدا، مەندە جۇدا،
مەندە يار، مەندە دار، ئاھ مەندە زىنھار...
نبمشقا مەندىن ماڭا كارۋان تارتىپ
ھۇ تارتىپ، زبمن تارتىپ، ئاسمان تارتىپ
كبلەرمەن مۇھەببەتنى قلسپ بايراق؟!...

2010 ـ يىلى 11 ـ سبنتەبىر. خوتەن

www.uyghurkitap



# مەن شېئىر يازغىنىم ئۈچۈن يىغلىدىم

ئەگ يالغۇز بىر ياپراق ئۈچۈن يىغلىدىم
ئەگ يىراق بىر يۇلتۇز ئۈچۈن يىغلىدىم.
يارىلانغان بىر قۇشقا قەلبىمنى بەردىم،
ئۇ قۇشقا ياپراق ۋە يۇلتۇز مەن ئىدىم.

سوغۇق ئاي ئەينەكتە چېچىنى تارار
كىتابتا ھاياتنىڭ نۇرى يالتىرار.
ئىشكتە چېكىلگەن تالاي ــ تالاي ئىز،
ئۆلگىن دەپ كۆڭلۈم ئاھ، تىنماي يالۋۇرار.

رەببىمنىڭ تۇزۇماس رۇخسارى دىلدا
رەھمىتى بويىنۇمنى باغلىغان قىلدا...
مەن شېئىر يازغىنىم ئۈچۈن يىغلىدىم
رەببىمنى بىلگىنىم ئۈچۈن يىغلىدىم!

2010 ــ يىلى 12 ــ سېنتەبىر. خوتەن

# قىرىق تال چېچىنىڭ قىرىقىنچىسى

قىرىق تال چېچىنىڭ قىرىقىنچىسى
بىر ئاسمان، بىر يۇلتۇز ياكى بىر چىراغ.
كۆزىدە تۇنىگەن ئۇيغۇر كېچىسى
بىر شېئىر، بىر ناخشا ياكى بىر پىچاق.

چېھرىدە گاھى ـ گاھ قايرىپ پەردىنى
شاپائەت ئىلكىدە كۆرۈنەر خۇدا.
كىرپىكى بىر كىشنەپ ئۇيقۇغا كېتەر
چۈشىدە ئويغىنىپ قىلار ھەم نىدا.

ئوڭدا ياتقاندا تەكلىماكاندەك
ۋۇجۇدى ئەرشكە ئاققان ئاسماندەك،
بىر ئۆلۈك ئۆلۈمدەك، بىر تىرىك جاندەك
ئۆتكەن ۋە ئۆتمىگەن زامان ـ زاماندەك...

ئاھ، خۇدا! مەن خۇدا دېيىشتىن بۇرۇن
نادامەت ئىچىدە ئۇنى ئەسلىدىم.
خۇدا بۇ يوق قىزنى چەكسىز ئازابتا
سۆيگىن دەپ ئەۋەتكىن ئادەم مەن ئىدىم!

2010 ـ يىلى 16 ـ سېنتەبىر. خوتەن

www.uyghurkitap

# قەلبىمنىڭ تىپتىنچ يېرىم كېچىسى

قەلبىمنىڭ تىپتىنچ يېرىم كېچىسى
قولۇمدا كۆز يېشىم تولغان بىر ئاپقۇر،
سورايمەن ئۆزۈمدىن: نېمىشقا ھامان
ئاسماننىڭ دەردىگە يىغلايدۇ يامغۇر؟!

نىمىشقا يۈرەكلەر ئېيتقاندا ناخشا
تىرەكلەر قاراسلاپ يىقىلار ھەيۋەت؟
نېمىشقا شېئىردىن چىقىپ كېچىدە
توۋلايدۇ ئىسمىمنى قىساس ۋە نەپرەت؟!

ئەسلەيدۇ گوياكى چەكسىز سۆيگۈنى
ئاي نۇرى ئاستىدا ياتقان قەبرىلەر.
ياردىن ئايرىلغان غېرىب جەسەتتەك
يىغلايدۇ سەنەمگە پالانغان چۆللەر.

نىمىشقا سۆيگۈچى ناخشا ئېيتىدۇ،
سۆيۈلگەن يۈرەكتە ئېغىر جىنازا؟
نېمىشقا يوق يارغا قىلىپ جان پىدا
كۆكۈللەر ئۆزىنى ئاسىدۇ دارغا؟!

2010 ــ يىلى 19 ــ ئۆكتەبىر. خوتەن

## ئالۋاستى ئورمانلىقى

ئۆرە تۇرۇپ قۇرۇۋاتقان توغراقلار
قۇرۇپ كېتىپ چۈش كۆرۈۋاتقان توغراقلار
چۈشلىرىدە ئۆلۈۋاتقان توغراقلار
ئۆلۈۋېتىپ كۈلۈۋاتقان توغراقلار...
قاتار ـ قاتار سەپ تارتقان بۇ ئۆلۈملەر
نەگە ماڭغاندۇ؟
ئارقا مېڭەم چۆچەكلەرگە لىق تولدى
كۆلەڭ دېسەم يىغلاپ سالدىم، نىم بولدى؟
تۆت ئەركەكمىز، ئارىمىزدا ئايال يوق
ھۆركىرەيمىز، مۇھەببەتكە ئامال يوق
...
كېتىۋاتقان بولسام تەڭرىم تەرەپكە
يول باشلايتتى بەلكىم ماڭا ئۆلۈممۇ.
ئەگەر يىغلاپ تاشلىمىسام كۆلگەندە
ئېچىلاتتى بەلكىم غۇنچە گۈلۈممۇ.
ئۆرە تۇرۇپ سىيىۋاتقان بىر توغراق
پۇلاڭلاتتى ماڭا كۆپكۆك ئاسماننى،
ئۆرە تۇرۇپ ئۆلۈۋاتقان بىر توغراق
باشلىدى
بەكمۇ ئۇزۇن چۆل دېگەن بىر داستاننى...

ئېھ، ئۈيلىپ كەتتىم ئەجەبمۇ
مەن نېمشقا كىيگەندىمەن ئىشتاننى؟!

ۋارقىرىدىم ئۇلارغا:
بىز ھەممىمىز دۇتار چالغان بولساقمۇ
بەزىدە راست، بەزى يالغان بولساقمۇ،
داپ داراڭلاپ، ئېشەك ھاڭراپ ھەر كۈنى
يارغا يېتەي دەپلا قالغان بولساقمۇ
بىز ئاڭلىدۇق، سۆكۈتۈڭلار - ۋارقىراش.
ئۆرە تۇرغان قاتار - قاتار ئۆلۈكلەر
ھايات قايناق شەھەرلەردىكى
ئەڭ ئالدىراش خەلقتىنمۇ ئالدىراش.

كىم ئۇ
ئۆلۈكنى تۆگىگە ئارتىپ
قېچىۋاتقان تەكلىماكانغا؟
كىم ئۇ
ئۆلۈكنى ساتقىلى
كېتىۋاتقان ئاسمانغا؟!
كۆرمىدىڭلارمۇ بۇ بازارنىڭ ئاۋاتلىقىنى
قاتار - قاتار ئۆلۈكلەر
قاتار - قاتار ئۆلۈكلەر...

2010 - يىلى 21 - ئۆكتەبىر. خوتەن

# ئاستا ـ ئاستا يەنە ئۆزۈم مەن

ھېس قىلدىم مەن، ئۆزۈمنى بىردىن
كۆمۈلمىگەن بىر غېرىب جەسەت،
ئولتۇرىدۇ بېشىمدا يىغلاپ
ھازا ئېچىپ چەكسىز تەبىئەت...

ھېس قىلدىم مەن، سانسىز قەبرىلەر
بۇ دۇنيادىن قېچىۋاتقاندەك،
شۇ قەبرىلەر ئىچىدە مەنمۇ
نەلەرگىدۇر كېتىۋاتقاندەك...

ھېس قىلدىم مەن، بىر تال قارا تاش
يول بويىدا ياتقان ۋارقىراپ،
ئاڭلىمىغان سۆزىنى ھېچكىم،
ئۇنى ئۆچكەن تووۋلاپ ئاھ، تووۋلاپ...

تۇيۇقسىزلا مەن باشقا ئادەم،
ئاستا ـ ئاستا يەنە ئۆزۈم مەن.
كېتىۋاتىمەن تەڭرى قېشىغا
قەلبىمدىكى پەلەمپەي بىلەن...

2010 ـ يىلى 5 ـ نويابىر. خوتەن

# مىنى، مىنى چاقىرما

جۇدالىقنىڭ شارابىغا قاندىم مەن
قەلبىمدىكى مۇھەببەتنىڭ ئوتىنى
مۇزلاپ كەتكەن يۈرەكلەرگە تاڭدىم مەن!
سۇغا كەتكەن كۆڭلۈم چۆلدە ئۆلۈپتۇ
بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا بارغۇچە
مىنى بىركىم ئاسمانلاردا كۆرۈپتۇ،
بويلاپ يارنىڭ نازۇك تېنىنى
ئىلاھىمنىڭ دەرگاھىغا ماڭدىم مەن!

ئۆزۈم كۆمۈپ مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە
سۆزۈم كۆمۈپ سۆزلىرىمنى سۆزۈمگە...
بىخارامەن جەسەتمەن
تۇپراقتىكى چوڭقۇر قارا ئازگاللار
ئازگاللدىكى يورۇق، نۇرلۇق خىياللار
خىيالدىكى ساھىبجامال ئاياللار
ئايالدىكى پەرىشتىدەك جانانلار
مىنى، مىنى... چاقىرمىغىن، چاقىرما!

2010 ـ يىلى 8 ـ نويابىر. خوتەن

## سۈكۈت ئاستى قوڭغۇراق

سۈكۈت ئاستى قوڭغۇراق، جىرىڭلىتىپ خىيالنى،
كۆڭلۈم كەتتى ئۇيقۇغا ئارتىپ ھەسرەت رومالنى.
دۇتار چالغان قايسى گۈل، بارماقلىرىم ئالدىدا،
سىغىندىم مەن چۈشۈمدىن قېچىپ كەتكەن ئايالنى.

چۈشۈمدىكى ئۇ ئايال تەكلىماكان توغرىقى،
چۈشۈمدىكى ئۇ ئايال ئاسمىنىمدا يەر بولدى.
چۈشۈمدىكى ئۇ ئايال شېئىردىكى كېچىدە
يىغلاپ ـ يىغلاپ بۇلاقتەك، يۇپيۇملاق ئاي تولدى...

ئاي نۇرىدا مياڭلاپ تۇرغان مۈشۈك ئۇ ئايال،
كۆزلىرىنى ئۇياتتا يۇمۇپ گويا غۇنچىدەك
يۈرىكىمدە ئۇخلىغان شېرىن تۈشۈك ئۇ ئايال....

2010 ـ يىلى 10 ـ نويابىر. خوتەن

www.uyghurkitap

# شېئىردىكى كېچىلەرنىڭ بىرىدە

شېئىردىكى كېچىلەرنىڭ بىرىدە
مېنى كۆرگەن چۈشۈمدىكى پەرىشتە
مېنى مۈشۈك يالاۋاتقان بىر ئايال
مېنى ئۆلۈك تاراۋاتقان شۇم خىيال...
قاتار ـ قاتار قەبرىلەر
كېتىۋاتقان سەپ تارتىشىپ ئاسمانغا
تەمبۇر، ساتار... سېتىۋاتقان داستانغا
جالدۇر ـ جۇلدۇر قىزىل گۈل
ئەرۋاھلارنىڭ تەكلىماكانى
يورۇق جىنلار ئېيتىۋاتقان مۇقاملار...
يۈز مىڭ يىللىق جەسەتنىكى جاھالەتلىك زاماندا
مېنى دارغا ئېسىۋاتقان جامائەت
ئاھ، نە ئازاب، ئاھ نە ئۇزاق بۇ سۆيگۈ
ئۆلۈكۈم
هېلىغچە تۇرار يەنە ئاسماندا...

2010 ـ يىلى 10 ـ نويابىر. خوتەن

## بەتلەر

بىرىنچى بەتتە
قىرىق يىللىق مېڭە قىتقىمدا ئۆلۈمنىڭ رەڭگى ئاپپاق
ئىككىنچى بەتتە
قىرىق مىڭ يىللىق جەسەتنىڭ خاتىرىسىدىكى شېئىرلار
ئۈچىنچى بەتتە
ئەينەك ئەينەكتە كۆرگەن ئاسمان...
تۆتىنچى بەتتىن بەشىنچى بەتكە ئۆتۈۋاتقاندا
كۆرۈش ئۈچۈن كۆزلىرىمنى يۇمدۇرغان جانان
ئاھ
ئالتىنچى بەتتە بىردەم ئولتۇر!...
يەتتىنچى بەتتە
قانىنىڭ زاماندىن زامانلارغا ئېقىپ تۈگمەيدىغانلىقى
سەككىزىنچى بەتتە
جانىنىڭ تەندىن تەنگە كۆچۈپ تۇرىدىغانلىقى
توققۇزىنچى بەتتە
تەنىنىڭ ئاسماندىن ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقى
ئونىنچى بەتتە
بىر كېچىدىن كېيىن ئەبەدىيلىك تاڭ ئاتىدىغانلىقى...
ئەي
مېنى سۆيۈش ئۈچۈن ئىزلىگەن جانان

www.uyghurkitap

كۆرگەن مېنى قۇچىقىڭدىكى ئەبەدىيلىك ئالەمدىن
ئېچىپ ئاخىرقى بەتنى
...

2010 ـ يىلى 9 ـ نويابىر. خوتەن

# ناتونۇش

(داستان)

## 1 ـ باب. بوُروُن

ئىلاھا! دېدىم ـ دە، قەلەمنى ئالدىم،
قەلبىمدە بىر زەررە شېئىر قالمىدى.
بولغاچ مەن خۇدانىڭ قولىدا ھەردەم
ئاھ، مېنى ئۇنىڭدەك ھېچكىم چالمىدى.
ئايال بار بولسىمۇ مەندە، يوشۇرۇن
سالدىم مەن قاتمۇ قات كېيىملىرىمنى.
چۈشلەرگە لىق تولغان كارىۋاتقا قاراپ
يىغلىدىم دەھشەتلىك شېئىرلىرىمنى.
يىغلىدىم ھاياتنى ھەركۈنى مۇڭلۇق،
يىغلىدىم ئۆلۈمنى دانىمۇ دانە.
يىغلىدىم نەپرەتنى مۇھەببەت بىلەن
يىغلىدىم دەردىمنى قىلىپ يېگانە.
يىغلىدىم، يىغلىدىم، يىغلىدىم تىنماي،
يىغلايمەن، يىغلايمەن، يىغلايمەن يەنە.
يىغلىسام قەلبىمنى قۇتقۇزار شېئىر
يوق يارغا كۆڭلۈمنى قىلىپ دىۋانە...

www.uyghurkitap

## 2 ـ باب. ناتونۇش

...

تۇغۇلغان چېغىمدا ئىدىم ناتونۇش،
بىلگەنتىم، گۈل ماڭا قالغانتى ھەيران.
ئوت مېنى قىلماقچى بولغاندا دوزاخ،
بولاتتى ئاۋۋال ئۇ بىر تامچە توپان.
تونۇماس ئىدىم مەن، قەلبىم يوق ئىدى،
ئەينەكتە كۆرۈنگەن شەيتانمۇ يا خۇدا؟
يىغلىسام كېتەتتىم پارلاپ باھاردەك
مىڭ يىللىق يۈزۈمنى يۇغاندەك گويا.
ئەتراپىم مەن بىلەن لىق تولغان ئىدى،
بەزىدە پۈتلىشىپ كېتەتتىم تېخى.
ئىسمىمنى چاقىرسا مېھرىبان ئانام
تاپالماي قالاتتىم بەزى ئۆزۈمنى...
ئاھ، ئۇندا باللىق قۇچقاچلار بىلەن
كونا تام تۆشۈكى، گۈللۈك مۇھەببەت.
چاچرىغان قۇملارغا يالاڭ ئاياغ ياش،
ئېشەكلەر ھاڭرىغان ساددا تەبىئەت.
ئىشتاننى سالغاندا گۈللەر قاقاقلاپ
قويلارغا لېۋىنى تۇتقۇزمىغان ساي.
چىننگە يۈرەكنى سېلىپ ئىچكەن ئاش،
ئېرىققا پاتمىغان دەريالار ئاي ـ ھاي...
قىزلارنىڭ ئېغى يوق گۈللۈك ئىشتىنى
غۇنچىلاپ كۆزنى يۇمۇۋالغان قان.
كۆكسىنى قوزنىڭ تۇمشۇقى بىلەن
سىيلىغان غۇبارسىز كىچىككىنە جان.

پىت باققان يوتقاندا ئۇزاق قاراڭغۇ
تاكى تاڭ ئاتقۇچە سايرىغان دۇتار.
ئۆزىنى ئاسمانغا تاشلىغان بالا
قەدىمكى زاماندىن كەلگەن ھارۋىلار.
ئون بەش كۈن يۈزىنى يۇمىغان كىچە
ئالۋاستى چىچىدىن بىر تال ئاق چىچەك.
كەتمەنگە پاتمىغان ئۆكتەم ئىتىزلار
ناتونۇش چۈشلەرگە يىقىلغان يۈرەك.
ناتونۇش چىرايلار، ناتونۇش ئۈنلەر
ناتونۇش يىغلىغان، ناتونۇش كۈلگەن
ناتونۇش يۈگۈرگەن كۈندۈزلەر، تۈنلەر...
موزاينىڭ كىرپىكى تۆكۈلگەن سەھەر،
تەخەيدەك سۇباتتىن قالدى كۆڭۈللەر
يوتقاندىن مەڭگۈلۈك چىقتى مۈشۈكلەر
سۆيمەيمەن! دېگەنچە لىۋىنى سوزۇپ
يىغلاشقا باشلىدى ئىتلار، كۈچۈكلەر
مەكتەپكە ماڭدىم مەن سومكامنى ئىسىپ...

مەكتەپ ـ خەتلەرنىڭ گۈلزارلىقدۇر
سىنىپ ھەم گۈللەرنى ئوقۇيدىغان خەت.
پارتىلار يۈزىنى يۇمايدىغان سۇ،
كىتاب ھەم مەڭگۈ «ئا» دېگەن بىرلا خەت.
قەلەم ـ قەغەزدە ماڭغان ناتونۇش
قەيەرگە بېرىشنى بىلمەيدىغان يول.
مۇئەللىم ـ ئۆزىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ
باشقا بىر «ئۆز»گە تاشلايدىغان قول...
ئەر، ئايال قوشۇلسا ئادەم بولىدۇ،


دوزاخقا جەننەتنى قوشسا ھەم خۇدا.
ئوتقا ئوت قوشۇلسا بولىدۇ گۈلخان،
سۇغا سۇ قوشۇلسا بولىدۇ دەريا.
مەن بۇرۇن ئۆزۈمگە دىمىگەن ئىدىم
بىرگە بىر قوشۇلسا بىر بولىدۇ دەپ.
قەيەرگە بارىسىلەر شۇ «1»دىن باشقا
بىر ئۆمۈر بۇ كونا ھارۋىنى ھەيدەپ؟!...
شۇنداق دەپ توۋلىدىم ئون يىلدىن كېيىن
مەكتەپكە بېرىپ ئاھ، باللارغا مەن!

## 3 ـ باب. خۇدا

مەن خۇدا! دېدىم، ئۇ ياراتتى مېنى
ئاندىن ئۇ يەتتىنچى ئاسمانغا چىقتى.
خۇدا تۇرغان يەتتىنچى ئاسمان
شۇ ھامان مېنىڭكى قەلبىمگە چۈكتى.
...
بۇ نېمە، ئۆلۈمنىڭ تاغاق سۆڭىكى،
بۇ نېمە، ياشاشقا كۆنگەن جىنازا.
بۇ نېمە، كۆكۈلدىن كەتكەن باياۋان،
بۇ نېمە، دەپتەردىن يىرتىلغان سىياھ.
ئەينەكلىك ئاسمانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
يېشىنگەن لەۋلەرنىڭ گۈلزارلىقىدا
كىيىكلەر ئوتلىغان سەبىي يۇرىكىم،
ئاھ خۇدا، كىرلەشكەن بۇ كۆڭلۈم بىلەن
ئۆكسۈپ ياش تۆكمىسەم كۆرۈنمەس ھېچكىم.
ئەڭ رەزىل بىنالار ئىگىزلىمەكتە
پەلەمپەي كۆكسۈمگە دەسسەۋاتىدۇ.

ئەڭ قىزىل ماشىنا قىزغىن بولاڭچى
قىزلارنىڭ كۆڭلىنى چەيلەۋاتىدۇ.
قىزلارنىڭ كۆڭلىدە ئاتتىن يىقىلسام
قىزلارنىڭ تىنىدە ھايۋانلىنىمەن.
قىزلاردىن دار ياساپ ئېسىلسام ئاڭا
تېخىمۇ ئۆلىمەن، راۋانلىنىمەن.
مەن ئۆلدۈم، دېگەندە قەلبىم مېنىڭكى
قىزلارنىڭ ئىسمىدا چۆلگە قېچىپ كەت.
قۇياشقا مىخلانغان گۈللۈك ئايۋاندا
قاراڭغۇ چۈشلەردىن قۇترار سەلتەنەت.
...
توساتتىن مەن يولنىڭ چىقتىم تېشىغا
ئەي ناخشا، كۆڭلۈمنى قايتۇر ئۆزۈمگە.
مەن شېئىر يېزىشقا يارالغان كىشى،
ئايالار، غەزەپلىك باققىن كۆزۈمگە.
ئۇ كىمدۇ، دەردىمنى ھارۋىغا قاتقان،
قەدەھتە قاينىغان تەڭرى كۈلكىسى؟
ئەينەكلەر سۇنغاندا ئاسماننى ياشاپ،
يۇلتۇزلار يۈرەككە قېچىپ كەتكۈسى.
ئەڭ گۈزەل بىر ئايال تاۋۇتۇم بولسا،
ئۆلمىدىم تېنىمدىن چىقماي تۇرۇپ جان.
ئاھ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، شېرىن ئىنتىقام،
جېنىمدىن ئات مىنىپ ئۆتتى قەبرىستان.
كىرلىكتەك يىرتىلغان دەريادىن ئۆتۈپ
شامالنىڭ قانىتى بولۇپ قالدى قان.
مېنى دەپ تۇغۇلغان ئايالار ئۈچۈن
قىلايمەن ئۆمرۈمنى ئۇزۇن بىر داستان.

www.uyghurkitap



بۇ يەردە بىر قىز بار، مىللىتى ئۆلۈم
مېنى دەپ تەڭرىدىن چوغ سوراۋاتقان.
بۇ يەردە بىر قىز بار، مىللىتى شېئىر
مېنى دەپ دوزاختا ئوت قالاۋاتقان.
بۇ يەردە بىر قىزنىڭ يىرىم قەلبى يوق
دېرىزە ئالدىدا ئايدىن خىجالەت.
تېنىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ بىر قىز
مۇھەببەت ئۈستىدىن قىلار شىكايەت.
ھەممە قىز ئاخىرى بىرلا ئۆلۈمدۇر،
دەھشەتلىك مۇقامغا تاشلايدۇ تۇرمۇش.
كۆڭۈلنى دۈۋىلەپ قويار ھەر باھار
ئەتىرگۈل بەرگىدەك ھەسرەتلىك ئۇرۇش.

## 4 ـ باب. قىز

ئون توققۇز يېشىمدا ئون توققۇز باھار،
ئون توققۇز باھاردا ئون توققۇز چېچەك.
ئون توققۇز چېچەككە ئېيتىپ ئەلۋىدا
يىغلايدۇ كۆكسۈمدە بىر قانلىق يۈرەك.
بۇ يۈرەك شارابقا لىق تولغان قەدەھ
بۇ يۈرەك ناخشىدا يارىلانغان گۈل.
بۇ يۈرەك سۆيگۈگە ماڭغان يولۇچى،
بۇ يۈرەك بىر قىزدا ئۆلۈۋالغان چۆل.
خىياللارىيۈرەككە تاشلايدۇ ئوتۇن،
يەكشەنبە ئەزەلدىن دوزاختا تۇتاش.
ئاھ، ئۇ قىز جېنىمنىڭ جانانىسىدە
سەھەردە شەرقتىن بالقىغان قۇياش.

ئاھ ئۇ قىز كىرپىكىم ئالدىدىن ئۆتكەن
ياردار كىيىكنىڭ ياش يۇقى كۆزى.
ئۇ كىيىك تاغلارغا قاچقاندا ئۈركۈپ
قاپقارا تاشلارنىڭ ئاقارغان يۈزى.
ئۇ قىزنىڭ ئېچىلغان دەرۋازىسى يوق
ئۇ قىزنىڭ ئەينىكى يەتتىنچى ئاسمان.
ئۇ قىزنىڭ قىز بولغان مەسۇم غۇنچىسى
قاراڭغۇ ئورماندا ھۇۋلىغان ھايۋان.
كۆڭلىكى شامالغا ئەتلەس توقۇيدۇ،
گۈل بەرگى ئىشتىنىدا سايرايدۇ بۇلبۇل.
پۇتلىرى جىرىڭلاپ قىلغاندا نەغمە
پەلەكمۇ ئۆرگىلىپ ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
كۆزىدە چۆچەكچى مىڭ بىر كېچە بار
ھەر كېچە ئۆلىدۇ بىردىن شەھرىزاد.
لېۋىدە كېپىنەك قەبرىستانلىقى
قەبرىدە جەسەتلەر ئۈنلەيدۇ ناشاد.
ئۇ قىز بىر يالىڭاچ شېئىردىن چىققان
ئۇ قىز بىر رەسىمدە كارىۋاتتا ياتقان.
ئۇ قىز بىر ناخشىنىڭ قۇرىماس يېشى،
ئۇ قىز بىر ئۆلۈمگە جېنىنى چاتقان.
ئۇ قىزنىڭ چۆل بولۇپ قۇرۇغان تېنى
بىر تەشنا بۇلاقتا ئاقار بولدۇقلاپ.
ئۇ قىزنى ھەتتاكى كۆكتىكى ئايمۇ
ئوقۇيدۇ، ئوقۇيدۇ، چەكسىز دۇدۇقلاپ.
ئۇ قىزغا دۇتارنىڭ مەيلى بارمىكىن،
شاخلارنى سۇندۇرۇپ سايرايدۇ قۇچقاچ.
قارلىغاچ كېتىدۇ دەھشەتنى كېسىپ

قان يۇقى پەردىنى غۇۋا قايرىغاچ.
ئۇسسۇلغا سالىدۇ ساراڭ جىنلارنى
گۈلەخچى راۋابلار باياۋانىدا.
چۆكتۈرۈپ ئويناپدۇ مىلك قەلەندەرنى
تەمبۇرچى مۇقامنىڭ قۇرۇق جامىغا.
ئۇ قىزدا تىنز پۈكمەس سۇۋادان تىرەك
ئۇ قىزدا چىچەكلەپ تۇرار جىگدىلەر.
ئۇ قىزدا تۇراتتى ئېيتىپ ئەلۋىدا
بىر - بىرىگە سانسىز قەبرىلەر.
ئۇ قىزدا قەدىمكى ئاپپاق سۆگەكلەر
ئۆلۈشتىن بۇرۇنقى شانلىق جەسەتلەر.
ئەڭ ئېگىز بىنالار، چوڭقۇر ئازگاللار
يامغۇردەك شارقىراپ يىغلىغان خەتلەر.
پۇللارنىڭ شاراقلاپ سايرىغان ئۈنى،
شارابلار لىۋىدە قېتىپ قالغان قان.
ماشىنا ئۆلگەن كۈن، تۇمۇردەك سوغۇق
سولياۋغا ئورالغان بۈگۈنكى زامان.
ئاھ ئۇ قىز... قەبرىدىن ئاتقان يېشى تاڭ
قۇياشتىن قۇتۇلغان سەلتەنەتلىك قول.
ئۆلۈمگە بارمايمەن دېگەن ئەر كىشى
دوزاختىن جەننەتكە ماڭغان ئۇزاق يول.
رەستىدە يالىڭاچ ياتقان ئاي نۇرى،
قاراڭغۇ يوتقاندەك مۇدھىش ۋە سوغۇق.
چۈشىدىن چىقىپلا ئېزىقىپ قالغان
ھەددىدىن تاشقىرى زۇلمەتلىك يورۇق.
مۇزىكا ئەۋجىدە لەيلەپ تۇماندەك
كۆز يېشى ئېقىتىپ ئەكەلگەن زىندان.

پايانسىز ۋادىدۇر ئۇ قىزنىڭ تېنى
باغلاردەك مېھرىبان، تاغدەك قەھرىمان.
ئاھ ئۇ قىز قىز تۇرار قىيامەتكىچە،
چۈنكى ئۇ قەلبىمدە نۇرلانغان يوق قىز.
تۇغۇلۇپ مەن ئۆلگەن كۈنى جاھانغا
شەرمەندە يۈزۈمنى قىلغان يورۇق، قىز.
شېئىرنىڭ چېچىنى سۆرەپ كېچىدىن
ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە تىقىپ قولىنى،
قاتمۇ قات ئېچىلغان گۈلنىڭ قېتىدىن
سۇغارغان بۇلبۇلنىڭ مۇڭلۇق ئۈنىنى...
يۈرەكنى مىخلاپ ھەم دەرۋازىلارغا
كۆندۈرگەن سايراشقا زەنجىر ـ كىشەنىنى،
پايانسىز يوتقاننىڭ قاراڭغۇسىدا
تۈگەتكەن چۈش كۆرۈپ ئانا ۋەتەنىنى...
جېنىنى بىرىشكە تىلەمچىلەرگە
ھەر كۈنى قۇياشقا مەجبۇرلانغان تاڭ،
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ ئويناشقا ئەرنى
گۆرلەردىن ياڭرىغان سەۋدايى ئاھاڭ...
ئاھ ئۇ قىز، قەلبىمدە گويا ئاخىرەت
باغرىمدا تىپىرلاپ ئۆلەر رەتمۇ رەت.
بۇلۇتى ئاسماننى قىلار ئاستىمدا
ئۇ قىزنىڭ كىيىمى گۈزەل تەبىئەت.
ئۇنىڭغا جېنىمنى بېرىپ بولالماي
ھاياتمەن ھەتتاكى مىڭ جەسەتكىچە.
ناخشامنى قەپەسكە سولاپ قويۇڭلار
سوزۇلار بۇ ئۆلۈم قىيامەتكىچە...

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# 5 ـ باب. يار

قەلبىمگە كەلگەندە يالىڭاچ ئىدىم
تۇراتتى كۆكسۈمدە پارلاپ كېچىلەر.
ئاسمانغا قارايتتىم، تەڭرى بارمۇ ـ يوق؟...
ياشىماي تۇرۇپلا ئۆلسە كىشىلەر.
ئەڭ گۈزەل بىر گۈلنى قىلاتتىم خىيال
ئەينەكنىڭ كەينىدە تۇرسا ئاياللار.
يار يىغلاپ تۇراتتى ئىشتان بېغىمدا،
ئەڭ ئىسسىق قان ئارا چاقنايتتى باھار.
...
يولنىڭ ئوڭ چېتىدە ماڭسام مۇلايىم
دەسسەلگەن ئەرۋاھلار تۇرماقتا قارغاپ.
ۋەھىمە ياپيېشىل كۆزلۈك پاھىشە
ئاياللار يىرتىلغان يۈرەكنى ياماپ...
تاپانىنىڭ ماتكىسى غايەت قىزىل گۈل
ساڭگىلاپ ئېچىلغان ئىدى ھاياجان.
كارۋاتنى قوغلىغان كېسەل مۇھەببەت
مادارسىز تۈنلەرنى قىلاتتى ماكان...
ئىزىمدا قەبرىلەر پۇلاڭلىتار قول
مەن قاچان كەتكەنمەن قۇياشنى كۆزلەپ؟
يولۇچى ئۆلۈمنى كىرگۈزسەم ئۆيگە
بىرەرمۇ تەڭرىدىن ھېكايە سۆزلەپ؟
ئاھ تەڭرى، مەن ساڭا بولدۇم ئىنتىزار
سەن مېنى قۇل قىلساڭ دېگەيمەن جانان.
قۇلغا ئىگىسى بەرمىسە قەلەم
نەپرەتلىك تەقدىرنى يازىدۇ قاچان؟

بۇ يولدا ئاتلارنىڭ يايلى قارا چاچ
كەتكەن چۆل ـ قەلەندەر، سەۋدايى جاھان.
ئۆلۈمنى ئىچمىگە قويدۇم توشقۇزۇپ
ياشايمەن ھەر كۈننى بىر ـ بىرلەپ ئاسان...
ھەر كۈنى مەن ساڭا كېتىۋاتىمەن
يېقىندا كۆرۈنگەن يىراققا قاراپ.
يەتتىنچى ئاسماننىڭ پەلەمپىيىدىن
بىر ـ بىرلەپ چۈشمەن چېچىڭنى تاراپ.
يار دېگەن دار ئەمەس دېمىدىم ھامان
مەرمەردەك تېنىڭدىن قەلبىمنى ياساپ،
مەن يازغان شېئىردا دوزاخ بارمۇ ـ يوق،
ئاھ، سېنىڭ ئىشقىڭدا ماڭا ئوت قالاپ؟...
ئاھ سېنىڭ ئىشقىڭ ئوت، ئىشقىڭ قىزىل ئوت
ئوتلارنى ئۇلغايتىپ تۇرغۇچى سەن يار.
جەھەننەم ئېپىنىڭ بىرىنچى كۈنى
تاۋۇتقا ئەگىشىپ كەلگۈچى سەن يار.
جۈپ چەشمە بۇلاقتىن ئوخچۇپ ئاقار قان
زەنجىرلەر تارتىلغان ئايدىن قۇياشقا.
قان يۇقى كىرپىكلەر سايرار لاۋۇلداپ
دىلدىكى ياغلىقنى قانغا بوياشقا.
مېنىڭ زار قەلبىمنى تۆگىگە ئارتىپ
يالىڭاچ چۆللەردە يۈرگۈچى سەن يار.
ئاداققى جېنىمنى تېنىمدىن يېشىپ
بىر تامچە قېنىمدا كۈلگۈچى سەن يار.
...
سەن ئۈچۈن رازىمەن مىليون جەسەتكە
رازىمەن ياشاشقا قىيامەتكىچە.

تاملارنى كۆڭۈلدىن چاقاي ساراڭدەك
ئۆلتۈرەي ئۆلۈمنى مۇھەببەتكىچە.
يار!... دېگەن ئاغزىمدىن ئاقسۇن قىزىل قان
يۈزۈمنى يىرتاي ھەم كۆزلىرىڭ بىلەن.
قەبرەمدە ئۆزۈمنى يالاي مۇشۇكتەك
جېنىمنى قۇرۇتاي سۆزلىرىڭ بىلەن.
ئورماندا شاخلىرىڭ بىلەكلىرىمدۇر
ئەينەكسىز شەھىرىڭگە كىرەي يالىڭاچ.
سەن مېنى ئۆلتۈرمە، سېنى دەپ ئۆلەي
قاراڭغۇ چۈشۈڭدە بولغاندا قاچ ـ قاچ.
مەن سېنى ئۆلۈمدەك قورقۇپ سېغىناي
مەن سېنى ناخشىدىن چىقاي قۇتقۇزۇپ.
ئاھ سەندەك يالغۇز ھەم دەھشەتلىك مەينى
ئىچەي مەن تېنىڭگە لىپلىق تولدۇرۇپ.
سەن ئوڭدا ياتقاندا قۇياش بولۇپ مەن
باياۋان تېنىڭگە قىلاي جان پىدا.
يۈگۈرەي جەسەتكە كۆرگىلى سېنى
بىر سىقىم توپىغا قىلىپ ئىلتىجا...
بۇ ئالەم يار بىلەن لىق تولغان دەيدۇ
بۇ سېنىڭ يوق بولغان بارلىقىڭمىدۇ؟
يۈرىكىم يار ئۈچۈن ئۆلمىدىڭ دەيدۇ،
بۇ سېنىڭ ئاداققى يارلىقىڭمىدۇ؟
يامغۇرلار سىملدار تەشنالىق بىلەن
سېنى ھەر ئويلىسام زېمىندەك يېتىپ.
ئىچىمدە بولساڭ گەر تېشىمدا يوقسەن
مەن قانداق ئۆلىمەن، چىقمساڭ قېچىپ.
قېچىپ چىق، بۇ يورۇق ئالەمگە ئەي يار

گۈركىرەپ چاپماقتا سانسىز ماشىنا.
قاقاقلاپ كۈلمەكتە پۇللار قىپقىزىل
شارابلار مەست بولۇپ قۇسماقتا راسا.
كىيىمنى يالىڭاچ قىلغان ئاياللار
تېنىدىن زىرىكىپ سالماقتا چۇقان.
ناخشىلار يۈزىگە كەيىننى قىلىپ
ئەڭ سۇيۇق چۈشلەرنى قىلماقتا راۋان.
ئېتىزدا مىڭلىغان ئەمگەكچى خەلق
چاپماقتا كەتمەننى جەننەتكىچە تا.
يىگىتلەر قىزلارنى يېتىلەپ يۈرۈپ
كەتمەكتە كىنودەك ئۆلۈپ، ئاھ خۇدا...
قېچىپ چىق، ئىچىم بىر زۇلمەتلىك ساراي
تۆرمىگە سولانغان قەبرىدىكى شام.
قان ـ زەرداب ئۇسۇلغان بىر ئەسكى چېلەك
ئۆلۈمدىن ئۆزگە ئاھ، ھېچنېمە يوق جام.
تولغاندۇر ۋەھىمە، قانلىق ئىنتىقام
ۋەسۋەسە، جىنايەت، شېئىر... ئۇنىڭغا.
ئەبەدىي ئۆلەلمەي، قانداق ئازاب بۇ
دوزاختا قېينىلىپ... نە كۈن بۇ ساڭا؟!
قېچىپ چىق، توختىما مىنۇت، سېكۇنت،
قېچىپ چىق، قېچىپ چىق، قېچىپ چىق ھامان.
سەن چىقىپ بولغاندا ئاندىن مەن ئۆلەي
ئاھ، سېنىڭ ئىشقىڭدا بولۇپ قەھرىمان!

## 6 ـ باب. شېئىر

مەنكى بۇ زەھەرنى ئۆلگەندە ئىچكەن
مەنكى بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا جەسەت.

تىلىمدا ئاققاندا سۆزلەر توپانى
غايەت بىر كېمىدە ئۇخلار قىيامەت.
بىراقلا يىغلىدىم ئاسمان ۋە پەلەك
ئاھ ئازاب سەن ماڭا قەدەھنى ئۇزات.
جېنىمنى بەرمەيمەن ياردىن بۆلەككە
تۇپراقتا ئاداققى تىنىقىمنى چات.
ئىزنىقىپ يۈرمىسەم تاپالمىدىم يول
چۆل دېگەن ئايالنى مۇقاملارغا سات.
يالىڭاچ بولغۇچى كۆرسەت ئۆزۈڭنى،
تېنىڭدە كولانغان لەھەتلەردە يات...
ئۇ كۈنى چۈشىدىن ئويغاندى كارىۋات
ئۇ كۈنى ئەتىرگۈل كېسەل مۇھەببەت.
قۇياشقا بېرىلگەن ئاخىرقى تۈندە
كۆزۈمدىن باشلاندى قاپقارا زۇلمەت.
تۆشۈكلەر ئېچىلدى يىرىم كېچىگە
ئارقىسى تارتىلدى ئالدى تەرەپكە.
يىغلىدى قايغۇدىن ئېگىز ئولتۇرۇپ
بىلمىدى، بىلىمدىن قايتىپ ئەدەپكە.
ھەر يەردە بىر يەرنىڭ تاش - تۇپراقلىرى
ھەر كىمدە بىر ئادەم كۆتۈردى چۇقان.
ئۇ دېدى: مەن بىلەن كەتكىن خۇداغا،
پەقەتلا كەتمەسلىك يولدۇر ئەڭ راۋان.
ئەينەكلەر چاققاندەك ئاسمانلىرىنى
يىرتىلغان قىز دېدى شېئىر ئۆزىنى.
قاغىلار چوقۇلاپ بىر جۈپ كۆزىنى
قانلارغا بويىدى ئاپپاق يۈزىنى.
قانلارنىڭ ئىچىدە بېلىنى تولغاپ

كۆز يېشى كۆلەتتى شاللاق ھەم رەسۋا.
ئورنىدىن تۇراتتى بىردەم يۆگۈرۈپ
يۆكۈنۈپ كىلەتتى دارنىڭ ئالدىغا:
ھەيرانمەن دار سىنىڭ ئېگىزلىكىڭگە
ساڭا كىم ئېسىلىپ ئاسماندا ياشار؟
نېچۈن بار قىلىشقا كەلگەندە ئۆلۈم
ئۈپۈقتا لەپىلدەر يەنە بىر باھار؟
بۇ ئورمان كىملەرنىڭ يۇت - قوللىرىدۇر
بۇ جاڭگال قەيەرگە كېتىۋاتقان جان؟
ھۇ!... دېگەن قايسى چۆل بەدىنىمدىكى
خۇدا دەپ قەلبىمدە ئېگىرىسا ئىمان...
خىيالنىڭ تۆكلىرى ئۈزۈن ۋە قارا
قۇرتلار چېچەكلەر ئارمانلىرىدا.
ئەڭ خۇشال قايغۇلار يارنى سېغىنار
كۆڭۈلنىڭ قاراڭغۇ ئايۋانلىرىدا.
دەرياغۇ يىغلىغان شىلدىرلاپ ئەبەد
يەقەتلا بىر پارچە قول ياغلىق ئۈچۈن .
ھېچقاچان بولمىغان مىسرالار ئارا
بولماسمۇ مەن ياشاپ تۇرغان بۇ بۈگۈن.
ئاسمانلار ئۆلىدۇ قەپەستىن چىقىپ
چىقمىسۇن شۇڭلاشقا دىلدىن شېئىرمۇ.
بىلمەيمەن، بۇنى كىم ئېيتمىغان ماڭا،
ئۇنتۇشلار ئاقۋەت شۇنداق ئېغىرمۇ؟
مەن چەككەن بۇ ئازاب، ھەسرەت - نادامەت
مەن تۇرغان يالغاچ، سۈرگەن پاراغەت،
مەن تۇتقان ئاتەشلەر، ماڭغان نەپەسلەر
مەن تۇرغان ئۆلۈكلەر، كەتكەن ھەۋەسلەر...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

كىرلەشكەن ئاخشاملار، جىنلار، باللار
كىتابلار، ئۇرۇشلار، قانلار، چېچەكلەر،
ئوق ئاتقان گۈللەر ھەم شېھىت يۈرەكلەر
كىرپىكلەر، بارماقلار، قوللار، بىلەكلەر...
دەھشەتلىك تۈگۈلۈشلەر، قىزغىن يىلانلار
ئاي ئېيتقان يۇلتۇزلار، پەشتاقلىق دىللار
ھەممىسى يالتايغان شېئىر بولۇشتىن
قالمىغان بىھېساب، چەكسىز ۋە غايەت...
بولۇشتىن بولماسلىق شۇنداق خۇشالمۇ
مەن قاچان بولمايمەن، چاۋاك چالىمەن؟
مەن قاچان مەن ئەمەس، قاچان ھېچقاچان،
جىنىمنى ئۆلگەندەك يولغا سالىمەن؟
ئەرشتىن ساڭگىلاپ تۇرار يالغۇزلۇق
بۇ گۈلنى تاشلىدى زېمىنغا ھېچكىم.
قۇتۇلۇپ ئۆلگەندە ئادەم بولۇشتىن
تۇپراقنى يېتىلەپ يۈرەتتى ھەر كىم.
سورىدىم: قەيەرگە بارىدۇ تۇپراق،
قويىساڭچۇ سەن ئۇنى ئۆلۈكتە بىر دەم؟
دېدى ئۇ: تەڭرىنىڭ دەسمايىسى ئۇ
ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن ياسايدۇ ئادەم...

## 7 ـ باب. شائىر

بەش يۈز يىل بۇرۇنقى سايرىغان قاغا
نەقەدەر قارىسەن، نەقەدەر ئۇزاق؟
چۈش كۆرگەن كارىۋاتلار قويىقاندا سەندىن
قەلبىڭدە پارلىغان ئۇ قانداق پىراق؟
ئاسماننى قانىتىڭ ئاستىغا ئېلىپ

تۇرسەن تىرەكنىڭ ئۇچىدا زۇلمەت.
سىنى بۇ كىچىلەر قانداق ئايرىغان
تالۇ ـ تال چاچلاردىن ئەبەدىلئەبەد؟
بۈزدى بۇ زەھەرنى كىمنىڭ ھەسلى،
بىر قەدەھ يىغلاپلا مەست بولدى شاراب.
ئۆلۈشكە تاشلىغان ھەر بىر قەدەمنى
ئاستا ئاھ، بەك ئاستا تۇرماقتا ياشاپ.
مەن ساڭا ئېيتىمەن تۇغۇلغىنىمنى
ئۆلۈمدىن ئۆلۈمگە يۈگۈرگىنىمنى.
تەگرىنىڭ دەردىدە شېئىرىغا كىرىپ
ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە تۈكۈرگىنىمنى...
ھەرقاچان بولسىمۇ بولىدىغان ئىش
تىنچچە بولمىغان قەبرىسىزلىكىم،
ئاھ، پۈتكۈل ئايالغا قىلىپ جان پىدا
سۆيگۈسىز دۇنياغا يۈكۈنگىنىمنى...
ئۆلمەن، ئۆلمەن... دەپلا ياشىدىم
ماشىنا غۇيۇلداپ ئۆتەر ئۈستۈمدىن
بىنالار بېشىمدا تۇرار قەد كېرىپ
بەك ئېغىر كېسەلمەن پانى ئالەمنىڭ
نازۇك ۋە ئۇياتلىق بەدىنىدىكى،
يامغۇرلۇق خىيالدىن كېچىپ ئۆتىمەن
ئاھ، بىرلا كارىۋاتلىق قەبرەمدە يېتىپ
ئۇ يورۇق دۇنيادىن كىمنى كۈتىمەن؟...
باھارنىڭ قايغۇلۇق بىر ئەتىگىنى
بىلمەيمەن، شېئىردىن باشقا بىر ئايال.
يۈزۈمنى سىلىغان يوپۇرماقلىرى
كۆڭلىكى ئاستىدىن چاقىرغان خىيال...

بۇ مېنى ياشاشقا ئەۋەتكىنىڭمۇ،
ئەي تەڭرى!... دەيمەن ـ دە بەزى ۋارقىراپ.
مەن ئەمدى ئەينەكلەر ھەققىدە سۆزلەپ
كۆكتىكى دەريانى ئاقاي شارقىراپ.
سۆزلەرمۇ ئورنىدىن قوزغالسۇن ئەمدى
تۆك باسقان كېچىلەر كەتكەن شەپەقتە.
ھاياتنىڭ قاراڭغۇ ۋاگونلىرىدا
ۋاقتنىڭ قۇيرۇقى ھۆلدۇر ھەمىشە.
ئولتۇرۇپ تەبەسسۇم گۈللۈكلىرىدە
ئەسلەي ئېھ، ئۆتمۈشنىڭ تاملىرىنى مەن.
تاملارنىڭ چاچلىرى كىمنىڭ قولىدا،
شەپقەتسىز ھېسسىيات سەۋەبى بىلەن؟
ئا. ئۇيغۇر سولانغان تۆرمىنىڭ تېمى
سوقۇلغان قاتمۇ قات يورۇقلۇق بىلەن.
ئۇندىكى ئەڭ يورۇق تاملىق كامېردا
ئۇ شېئىر يازاتتى خۇشاللىق بىلەن.
لۇتپۇللا سولانغان تۆرمىنىڭ تېمى
سوقۇلغان ئىدى گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن.
ئۇندىكى قىزىلگۈل تاملىق كامېردا
ئۇ شېئىر يازاتتى قىزىللىق بىلەن.
ئاھ مېنىڭ تۆرمەمنىڭ بىرمۇ تېمى يوق
تامغا شېئىر يېزىشتىن ئۆزگە مەن نېمە؟
خەلقىمنىڭ ئالدىدا مەيدەمنى كېرىپ
ئەمدى نە يۈزۈمدە قىلاي تەنتەنە؟!...
ھا،ھا،ھا... ياق، ياق، ياق... مېنىڭ خەلقىم مەن
مەن مېنىڭ خەلقدۇر ئىتنىڭ تۆكىدەك
ھەركۈنى ئۆلسەممۇ قالمايمەن تۆكەپ.


ئۆلۈكۈم ئۇچرايدۇ قەدەم ـ قەدەمدە
ئۆلمەن، ئۆلمەن ھەسسە ـ ھەسسلەپ.
ئۆلۈشنىڭ بۇ قەدەر ئالىيجانابلىقى
ئۆلۈشنىڭ چىنلىقى، گۈزەللىكى ھەم
نەقەدەر يۈكسەكتۇر ئۆلتۈرۈشتىن ئاھ!
ئەگەردە ئاسماندا ياشىغان بولسام
بولاتتىم چوقۇمكى ئۆلگۈچى ئىلاھ...
شۇ چاغدا ئەشەددىي ئاسىي ئاتالدىم
بولمىغاچ تۈرمەمنىڭ بىر تالمۇ تىمى.
ئۆلگەچ مەن ھەركۈنى سانسىز ـ ساناقسىز
شۇ قەدەر قىزغىن ۋە شۇنچە سەممىي.
مەيلىلا، ئالدىمدا يول يوقتۇر مېنىڭ
كەينىمدە بىر تالمۇ قەبرە قالمىغان.
كۆتۈرۈپ بىر ئۆزۈم جىنازامنى مەن
شەمۇ شە، دەشتمۇ دەشت يۈرەي سەرگەردان.
يار دېسەڭ يالغۇز بول دېدى بىر كىتاب
نەكى، مەن يالغۇزمەن خۇدادىن بۆلەك؟
كېلىڭلار، ۋەتەننى تېپىۋېلىڭلار
يېرىلىپ كەتمەكتە مەندىكى يۈرەك...

## 8 ـ باب. ھېچكىم

بۇ بوشلۇق، مەنسىز تىل ئۈستىدىكى
چۈشتىكى جاڭگالدەك كۆرۈنەر غۇۋا.
ھېچكىم يوق ئولتۇرغان ئورۇندۇقلاردا
كىم ئاستا ئورنىدىن تۇرماقتا ئالغا!...
ئۇھ!... مېنى ئاتاشتىن قىلىڭلار جۇدا
مېنى بۇ ئىسمىمدىن قىلىڭلار ھالاك،

تېنىمنىڭ نۇرانە پەزىلىتىنى
قاراڭغۇ كىيىمدىن قىلىڭلار يىراق.
مېنىڭ بۇ دەھشەتلەك نامۇ ئەمالىم
قۇرتلاردەك ياشاشقا قىلماقتا مەجبۇر.
تېرەمنى سالماقتا ئىدىم تاڭغىچە
گۆشۈمنى ئىشقىمغا قاقلاپ بەھوزۇر...
تېز پويىز كەلمەكتە ئاق سۈتنى ئېلىپ
كەتمەكتە بۇ يەرلەر ئادەمسىز يەرگە.
ئورمانلار يولۇچى بولۇۋالماقتا
ئاياللار ئورنىدىن تۇرماقتا ئەرگە.
ئىشتاننىڭ بېغىدا باققان باللار
مۇھەببەت ئالدىدا قالار ئىشتانسىز.
بىلمەيدۇ شېئىرنى مەڭگۈلۈك ماكان
كېچىدە تېنىدىن قېچىپ چىققان قىز.
قۇم كۆچۈپ، مۇقامنى ئېلىپ كەتكەن ئاي
يۇلتۇزغا سۆزلەيدۇ قايسى دەريانى؟
سالدۇ توختىماي كىيىملىرىنى
كۆرسەتمەك بولۇپ ئۇ شەرم - ھايانى.
بىلمىدىم بۇ قارلىق كېچىدە ئۆلسەم
مەن ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدىغان تاغ...
چۆلنى بىر بۇلاقتا قاندۇرغان جەرەن
قەبرىدە سۆڭەكچى ياندۇرغان چىراغ...
ئاھ خۇدا!... مەن خۇدا دېگەندىن كېيىن
يوقىلىپ كەتسەم ئاھ، يۇمشاق ۋە شېرىن.
بولمىسام تۈنۈگۈن ئولتۇرغان يەردە
لەۋلەرگە چىشىمنى قانىتىپ شېرىن...
بولمىسام كىتابنىڭ گۈلزارلىقىدا

گۈللەرنىڭ بەرگىدە كېپىنەك جەسەت.
بىلمىسەم تېنىمنىڭ قايسى يېرىدە
ماڭا بۇ ھاياتنى بەرگەن تەبىئەت؟!...
شۇ چاغدا ئاستىمدا ئۇچقۇر ماشىنا
قولۇمدا يالقۇندەك ھارارەتلىك پۇل.
شۇ چاغدا پۇتلىرىم ھەر بىر مۇقامدا،
يۈزلىرىم ئاسمانغا قارايدىغان قول...
شۇ چاغدا پىت باسقان قەبرىستانلىقىم
ئەرۋاھلار ئاقرىپ ئوينايدىغان توي.
شۇ چاغدا بۇ چاغدىن بەكمۇ يىراقتا
بىر قەدەھ شاراب ئاھ، شېرىن ۋە خۇشبۇي...
مېنى مەن بىر پىچاق بىلەن ئۆلتۈرمەس،
ئۆلتۈرمەس سىرتماق ھەم ھەتتا ئوق بىلەن.
ئۆلتۈرمەس بىر شانلىق كىشى ھەتتاكى
چىقىرىپ قەلبىدىن لىپمۇ لىق ۋەتەن!...
مېنى سۆز ئۆلتۈرەر، سۆزسىز ئۆلتۈرەر
ئۆلتۈرەر، ئۆلتۈرەر، چەكسىز ئۆلتۈرەر.
مەن سۆزلەر ئىچىدە سۆزلەۋاتقاندا
ئۆلۈمنى ياشاشقا شېئىر كەلتۈرەر.
ئۇ شېئىر سۆزلەرنىڭ خانىقاسىدۇر،
سەجدىدە كۈپىرىدىن قايتماس خىيالى.
ئۇ شېئىر سۆزلەرنىڭ رەھنىماسىدۇر
قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھېچ يوقتۇر ئامالى.
ئۇ شېئىر سۆزلەرنىڭ قاتىلى گويا
تويلىشىپ ئۆلىدۇ كىتابتا خەتلەر.
ئۇ شېئىر سۆزلەرگە چۆمۈلگەن دەريا
ئىچىدە چۆل بولۇپ كەتكەن جەسەتلەر...



ئۇ شېئىر ھېچنېمە سۆز بولمىغاندا
ھېچكىم ئۇ شېئىرنى يېزىۋاتقان مەن.
بىر سۆزدىن بىر سۆزنى ئاھ، سۆيۈۋاتقاندا
ئۆلۈمدىن ئۆلۈمگە قېچىۋاتقان مەن...
ھازىر مەن قۇتۇلغان شېئىر يېزىشتىن
ھازىر مەن بۇرۇندا بەلكىم يوق ئىدىم.
كىمكى بىر نامەلۇم دۇدۇقلىغاندا
دەۋلار بۇ شېئىرنى يازمىغان ھېچكىم!

## 9 ـ باب. ئۆلۈش

ئاداققى بىر شېرىن تىنىقتىن كېيىن
گۈزەل بىر شېئىردەك ئاخىرلاشتى تەن.
تۆكمىدى سۆزلەرمۇ شارابتەك گويا
تۆكمىدى مۇھەببەت، ئەل ـ يۇت ۋە ۋەتەن...
مېنى كىم ئۆلتۈردى، ئۆزۈممۇ، ئەمەس؟
خەير! دەپ باشلانغان بىر بەت سالام خەت؟!
باھارنىڭ بىر تامچە ئىللىق يامغۇرى،
ئىچىمدە تۇغۇلغان چاغدىكى جەسەت؟
ئەزەلدىن مەندىكى يوشۇرۇن كېسەل،
بىنانىڭ ئۇنىنچى قەۋىتى ياكى؟
ئارغامچا، بىر پاي ئوق، پىچاق يا زەھەر،
خۇدنى يوقاتقان ماشىنا چاقى؟...
مۇھەببەت، قاتىللىق، ئۇرۇش، يەر تەۋرەش
ئوت كېتىش، سۇ بېسىش، قورقۇش، ۋەھىمە؟
بىر دەھشەت ئىنقىلاب، ساندۇق ـ ساندۇق قان،
چىرايلىق ئايالالار قىلغان تەنتەنە؟!...
مېنى كىم ئۆلتۈردى، ئۆلتۈردى مېنى

شاتلىقمۇ، يا ئۇنىڭ ئازابلىرىمۇ؟
ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرىدىغان
ئەزرائىلنىڭ ئەسۋابلىرىمۇ؟!...
مەن ئۆلدۈم... سوراڭلار سوئالىڭلارنى
مەن ئەمدى سىلەرگە بەرمەيمەن جاۋاب.
سىلەر مېنى كۆرەلمەيسىلەر
سىلەرگە مەن مەڭگۈ تۇرىمەن قاراپ.
ئىسمىمنى ھەرقانچە چاقىرساڭلارمۇ
ھە!... دېگەن ئاۋازىم كېتەر ئەبەدكە.
چىلايدۇ پەرىشتە قاناتلىرىنى
سىلەر گۆش يېمگەن سېسىق جەسەتكە.
مەن ئۆلدۈم... سىلەرنى قىلىشقا ئۆلۈك
مەن ئۆلدۈم... سىلەرنى تۆگىتىشكە يەپ.
يەنە يۈز مىڭ يىللىق دوزاختىن كېيىن
(ئىچىم بىر جەننەتتۇر) تىرىلىڭلار دەپ...
...
سېلەر ھېچ قورقماستىن تىللاڭلار ئەمدى:
ئىدى ئۇ بىر مەجنۇن، ئاشىق ـ قەلەندەر.
ئۇ شېئىر يازاتتى يارنى ئۆلتۈرۈپ
ۋۇجۇدى بايراقتەك ھەردەم لەپىلدەر.
ئىچىدىن چىقاتتى گويا ئۆلۈمدەك
تېشىدا تۇراتتى دائىم بىز بىلەن.
ئايالنىڭ تېنىنى سىزاتتى تاڭغا
ئۆزىنىڭ جىسنى كۆرمەيتتى قەستەن.
ئۇ ھامان ئۆلمەكچى ئىدى كۈندۈزدە
ياشايتتى شۇڭلاشقا يىرىم كېچىنى.
تېنىنى سۇندۇرۇپ قىلاتتى ھاسا،

تالاغا قوغلايتتى ئۆينىڭ ئىچىنى.
ئۇ دەھشەت قارىغۇ ئىدى قۇياشتەك
ئۇ زۇلمەت گاس ئىدى ئايسىز، يۇلتۇزسىز.
ئۇ ئىدى ئەڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك گاچا
ئۇ ئىدى ئۆزىگە ئەگەشمىگەن ئىز...
تىللاڭلار: كارىۋاتنى قىلاتتى سەرسان
ئوتنى گۈل ئىچىدە ئېچىلدۇراتتى.
يالىڭاچ يىغلىسا ئاينىڭ شېخىدا
قەلبنى شېئىرلار كۆرۈپ قالاتتى.
خەتلەرنى كىتابتىن قوغلىۋەتتى ئۇ
ئۇرۇشلار توختىسۇن دېدى تارىختا.
مېنى كىم ئۆلتۈرسە خۇدادۇر دېدى،
ئۇ ئۆلدى ئاخىرى، كەتتى خۇداغا!...

## 10 ـ باب. كېيىن

خۇشاللىق، تەنتەنە، بۇرچ ۋە ۋىجدان
ئار ـ نومۇس، شان ـ شەرەپ، غەزەپ ـ نەپرەت ھەم

رەزىللىك، چۈشكۈنلۈك، سۆيگۈ ۋە قىساس...
يوق
گوياكى چىندەك پاكىز بىر ئالەم
تۇراتتى ئالدىمدا پىچىرلاپ ماڭا:
سەن كىم دەپ سورىسا: دېگىن مەن ئادەم
ئۆلۈشنى بىلمەيمەن تۇغۇلمىغاچقا
ئىسمىمنى بىلمەيمەن چاقىرمىغاچقا
كۆرمەيمەن تېنىمنىڭ يالىڭاچلىقىنى
قەلبىم يوق ھەتتاكى ئۆزۈم ياتقۇدەك

بۇ ئالەم پەقەتلا مەنلا پاتقۇدەك
بىلمەيمەن، بىلىشتىن نۇرغۇن ئىلگىرى
هازىرقى هېچيەردە تۇرغان هېچكىممەن...
يەنە بىر ئالەملىك ئەلمىساقتىكى
ئەگەردە ئىككىنچى ئادەم بولسام مەن
قوۋۇرغامنى ئوبدان ساقلايمەن
مەڭگۈلۈك پايانسىز ئادەم بولغىلى
هەر يەردىن كېلىپ مەن ماڭا تولغىلى
ئېتىمەن مەڭگۈلۈك قۇلاقلىرىمنى
سۆزلەشكە باشلىسا ئايال قوۋۇرغام...

يەنە بىر ئادەم — ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم!

...

2010 ـ يىلى 9 ـ نويابىر. خوتەن

تۇيغۇز كىتاب www.uyghurkitap



# تۇنجى يارنىڭ ساھىبجامال ھەسرىتى

1

ئۇلتۇرىدۇ دۇتار چېلىپ يۈرەكتە
تۇنجى يارنىڭ ساھىبجامال ھەسرىتى.
كۆڭۈللەردىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتىدۇ
چاچلىرىنىڭ قىرىق ئۆرۈم كېچىسى.
قول سوزىدۇ دەرەخلەرگە ياپ يېشىل
چۈش پەيزىدە كەيپ بولغان زىمىستان.
ئەينەكتىكى ئۆلۈم بىلەن سۆيۈشۈپ
بولۇپ قالدىم مەنمۇ كۆپكۆك بىر ئاسمان.

2

مۇھەببەتنىڭ شەپقىتىنى سىزىمەن،
دەريادا تاش ناخشا ئېيتقاچ ئۆلدۇ.
ئازابلىرىم قەلبىمدىكى پادىشاھ،
شۇڭا مېنىڭ كۆز ياشلىرىم كۆلدۇ.
سۆڭكىمنىڭ ئەڭ قەدىمكى بىر كۈنى
يول ئالغانمەن قولۇڭدىكى قەدەھكە.
لەۋلىرىڭنى ئېچىلدۇرسام بىر قېتىم ،
مەيلى ئىدى توزۇپ كەتسەم ئەبەدكە!

3

بۇغدايلارنىڭ مۇھەببەتلىك ناخشىسى
سالا ـ سالا ئىپتىزلارنى ئورايدۇ.
كۆڭلۈم مېنىڭ گۈل بەرگىدە كېپىنەك،
سۆيگۈ ئۇچۇن ئۆلمەمسەن دەپ سورايدۇ.
قالماس ئىدىم بۇنچە يالغۇز يېگانە
بولسام ئەگەر ئۆز ـ ئۆزۈمگە بىۋاپا.
ئۆتۈپ كەتتى شېئىر ئوقۇپ بىر جەسەت
كۆزلىرى ياش، قاراپ ماڭا بىر قىيا...

4

ئەمدى مېنىڭ قەلبىم سوغۇق ئايدالا
سۆيگۈ ئۇندا كۆمۈلمىگەن بىر جەسەت.
ئەمدى مېنىڭ كۆڭلۈم چۆل ـ چۆل قەلەندەر
كۆڭۈللەرنىڭ ئىشكىدە نان تىلەپ...
بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا بارغۇچە
بەلكىم يەنە يەتتە ئاسمان ماڭارمەن.
ئاھ، بۇ ئۇزاق مۇھەببەتنىڭ يولىدا
يار ئىشقىنى يۈرىكىمگە تاڭارمەن!

2010 ـ يىلى 10 ـ نويابىر. خوتەن

# تەسۋىرلەيمەن ئۆلۈپ كېتىشنى

تەسۋىرلەيمەن ئۆلۈپ كېتىشنى
كېتىشۈتىپ قايناق رەستىدە.
تەسۋىرلەيمەن توزۇپ كېتىشنى
ياشلىقىمنىڭ باھار پەسلىدە.

تەسۋىرلەيمەن قۇرۇپ كېتىشنى
كۆزدىن ئاققان دەريا بويىدا.
قەلبىمدىكى سۆيگۈ كوچىسى
ئاخىرلىشار يارنىڭ بويىدا.

ئىشەنمەيمەن ئاخىرلاشقانغا،
باشلانمىدى مۇھەببەت تېخى.
تەسۋىرلەيمەن ئالەمنى بىر گۈل...
ياشارغاندا يۈرەكنىڭ بېخى.

2010 ـ يىلى 12 ـ نويابىر. خوتەن

# ھەممە ئادەم بىر گۈل، گۈلستان...

ھەممە ئادەم بىر گۈل، گۈلستان
ئىچرە خازان ھەممىلا ئادەم.
قەلبىدىكى ئۆلگەن يار ئۈچۈن
چىرايلاردا مۇسىبەت، ماتەم...

ھەممە ئادەم خۇشال، بىر بەخت
ئىچرە يىغلار ھەممىلا ئادەم.
قەلبىدىكى ئۆلگەن يار ئۈچۈن
چىرايلاردا مۇسىبەت، ماتەم...

ئۆز يارىنىڭ قەبرىسى ھەركىم،
يارىنىڭ ھىدى كېلەر قەبرىدىن.
پۈتكەن ئالەم سانسىز قەبرىلەر
ۋە تۈگىمەس ئۇزاق سەبرىدىن.

ھەممە ئادەم ياردىن ئايرىلار
يىغلار شۇڭا قەلبىدە زار ـ زار.

2010 ـ يىلى 12 ـ نويابىر. خوتەن

تۈيغۇز كىتاب تورى www.uyghurkitap

# تىمسقىلاپ يۈردۈم گويا كېچىدە

تىمسقىلاپ يۈردۈم گويا كېچىدە
قاراڭغۇدا چاشقانلاردەك تىرىقلاپ.
زۇلمەت نۇرى جۇلالىغان كىتابلار
تۆگەتمەكتە ھاياتىمنى ۋاراقلاپ.
مېنى ھەتتا قالدۇرماقتا جەسەتسىز
كەچكۈزدىكى قايغۇ باسقان تېرەكلەر.
ئاسماندىكى خىرە ـ شىرە قەبرىستان،
دەريا ـ دەريا قۇرۇپ كەتكەن يۈرەكلەر.
ھاياتىمدىن ئارتۇق ياشاپ سۆيگۈدە
بولدۇم شېئىر يولىدىكى قەلەندەر.
مۇزىكىلار مېنى قانداق ئۆلتۈرسە
ئۆلدۈم، ئۆلدۈم... ئەزرائىلدىن بىخەۋەر.
ئاھ، مەن مەڭگۈ ئايالارنىڭ ناخشىسى،
لېكىن ماڭا ھەممە ئايال بىر ئايال.
ئايالارغا بېغىشلىغان ئۆلۈمىم

ھاياتىمدىن قىممەتلىكتۇر، ئېھتىمال...

2010 ـ يىلى 14 ـ نويابىر. خوتەن

## ئۆلۈپ كېتىپ چۈش كۆردۈم

... نىچاغكى
كۆزۈڭدىكى كېچىلەردە يۇلتۇز، ئاي
مەڭزىڭدىكى شەبنەملەردە ئۇزاق ساي
ئۆلۈپ كېتىپ چۈش كۆردۈم
قاتار ـ قاتار
قەبرىلەردەك سايرار مۇڭلۇق بوز تورغاي...
ئاھ، كىملەردۇر نالە قىلار، ئۆزى يوق
ئاھ كىملەردۇر يىغلار لېكىن كۆزى يوق
يىغلاۋاتقان كىمدۇر دۇتار ناۋاسى،
كىمنىڭدۇر
ئالقىنىغا پاتماي قالغان دۇئاسى؟
قالماس ھەتتا كۆز يېشىمىز ئىگىسىز،
ئەي دىلبەر
مۇھەببەتتۇر ئىككىمىزنىڭ خۇداسى!

ئۆلۈپ كېتىپ چۈش كۆردۈم
ئويغانسام
ئۇخلاپ قاپسەن گىرە سېلىپ بوينۇمغا
گۈزەللەردىن گۈزەل قىلىچ ئۆلۈمىم!

2010 ـ يىلى 20 ـ نويابىر. خوتەن

## ئۆلۈۋاتسام ئويغاتما

سېنىڭدىكى تۈننىڭ قارا كۆزلىرى
سېنىڭدىكى گۈلنىڭ گۈزەل يۈزلىرى
سېنىڭدىكى قۇچقاچلارنىڭ سۆزلىرى...
سېنىڭدىكى ماڭا ماڭغان تۆگىلەر
بارخان ـ بارخان سېغىنىشلار، كۈتۈشلەر
ئاينىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى تارىغان
يۇلتۇزلارنى چۈشلىرىدىن ئايرىغان
ھاياجانلىق كېچىدىكى غەزەلدە
سەنسىز شېئىر پۈرايدىغان ئەجەلدە
يېتىپ قالسام مەست قەدەھتە شارابتەك
ئۆلۈۋاتسام ياكى شېرىن ئازابتەك
مېنى، مېنى ئويغاتمىغىن، ئويغاتما!

2010 ـ يىلى 29 ـ نويابىر. خوتەن

# ئاۋازىڭنىڭ تەڭرىتاغلىرى

ئاۋازىڭنىڭ تەڭرىتاغلىرى
يۈركەنسۇن ئېھ، ئاپپاق قار بىلەن.
ئۆلۈكۈمنى پەلەككە يەتكۈز
بويۇڭدىكى نازۇك دار بىلەن.

لەۋلىرىڭدە قاينايدۇ سىنچاي
ئىچەي ئۇنى قېنىپ مەن ئاي ـ هاي.
يىغلار ئەمدى يۇلتۇزلار كۆكتە،
هېچكىم بىلمەس ئۆلۈپ كەتكەننى
ئاسماندىكى ئاشۇ غېرىب ئاي...

ئېقىپ ـ ئېقىپ بارچە دەريالار
پەقەتلا بىر تارىم بولالماس.
يىغلاپ ـ يىغلاپ بارچە ئاياللار
سېنىڭدەك بىر يارىم بولالماس.

هېچكىم مەندەك ئاشىق بولالماس
مەجنۇنلارچە تۇرغان قۇچاقلاپ
بۇ دۇنيادا يوق بىر ئايالنى...

2010 ـ يىلى 29 ـ نويابىر. خوتەن

# بىر ئادەم كەلمەكتە، بەلكىم مەن ئەمەس

بىر ئادەم كەلمەكتە، بەلكىم مەن ئەمەس،
بىر ئادەم ئۆلمەكتە، بەلكىم مەن ئەمەس.
بىر ئادەم مەن ئەمەس بەلكىم ھېچقاچان
مەن ئەمەس ئادەمگە ياسىغان قەپەس...

يامغۇرنىڭ قاچانمۇ دېرىزىسى بار؟
بىر ئۆلۈم قاچىدا ئىچمەكتىمەن ئاش.
سۇغا گۈل تاشلىسا مۇڭلۇق يۇلتۇزلار
مەن ئەمەس كۆزلەردىن ساقىغان قۇياش!

جېنىمنى ئالماقلار ئۆزۈم بەرگىچە،
ئىگەمگە مۇناسىپ نە بىر خىيانەت؟
بىر ئادەم ئېيتىدۇ (بەلكىم مەن ئەمەس)؛
بۇسۇغا ئالدىغا كەلدى قىيامەت!

2010 ـ يىلى 20 ـ دېكابىر. خوتەن

## يامغۇر ئايال بولمىسا ئىدى

يامغۇر ئايال بولمىسا ئىدى
بۇلۇت ياغلىقى يىرتىلماس ئىدى.
ئەگەر تالادا كۆڭلۈم بولمىسا
ئىشىك مەڭگۈ ئېچىلماس ئىدى...
قاغا قارا بولمىسا ئىدى
قاق، قاق! قىلىپ سايرىماس ئىدى.
خۇدا ئەگەر يالغۇز بولمىسا ئىدى
مېنى ياردىن ئايرىماس ئىدى...
مېنى مەندە كۆرمىسە يار
ئۆزىنى ئۆزىدە ئۆلتۈرمەس ئىدى.
دۇنيا مېنى سۆيگۈ ئىچىدە
سۆيگۈسىز ياشاشقا كۆندۈرمەس ئىدى...

2010 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر. خوتەن

www.uyghurkitap

# بىر كۈن ئىلگىرى ۋە بىر كۈن كېيىن

ئۆلۈمنىڭ تېۋىشى شېئىرمۇ ـ ئەمەس،
ئۆلۈمنىڭ شولىسى جەننەتمۇ ـ ئەمەس؟
ئۆلۈمنىڭ قوللىرى يۇمران ۋە ئاپپاق
يارىمنى قۇچاقلاپ ياتسام بىر نەپەس...
بىلمەيتتىم تۇغۇلۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرى
بىلمەيمەن ئۆلۈشتىن بىر كۈن كېيىن ھەم.
شۇ بىر كۈن ئىلگىرى ۋە بىر كۈن كېيىن
ئىدىم مەن خۇدانىڭ قەلبىدە جەزمەن.

2010 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر. خوتەن

# كۆزلىرىڭنى بەر...

كۆزۈڭنى بەر ماڭا، كۆزلىرىڭنى بەر
شۇ نۇرلۇق كۆزۈڭدە كۆرەي مەن سېنى.
لېۋىڭنى بەر ماڭا، بەرگىن لېۋىڭنى
شۇ ئوتلۇق لېۋىڭدە سۆيەي مەن سېنى.
قولۇڭنى بەر ماڭا، قوللىرىڭنى بەر،
شۇ يۇمران قولۇڭدا سېنى قۇچاقلاي.
پۇتۇڭنى بەر ماڭا، بەرگىن پۇتۇڭنى
ئۇندا مەن ۋەسلىڭگە قاراپ يول ئالاي...

2010 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر. خوتەن

www.uyghurkitap

## باھار رەڭلىك ياپراقلىرىمدىن ...

باھاررەڭلىك ياپراقلىرىمدىن
ئات چاپتۇرۇپ ئۆتتى زىمىستان.
كۆڭلۈمدىكى ئاخىرقى چۆلدە
سۇنۇپ كەتتى يېگانە ئاسمان.
سۆزلەر ماڭا ئۆلۈم تىلەيدۇ
سۆزلەر مېنى سۆزسىز ئۆلتۈرەر.
يۈرىكىمنى قانغا بويايدۇ
ئايال سۆزلەر مېنى كۆلدۈرەر.
كۈلگىنىمچە ئۆلۈپ كېتەرمەن،
ئۆلۈم كۈلۈپ كېتەر يۈرەكتە.
مېنى قات ـ قات يارغا ئۇرايدۇ
شېئىر ئادەم ئۆلۈپ ئەينەكتە.
نېمىشقىمۇ شامال ئەمەسمەن،
كېتەر ئىدىم قايرىلماستىن ھېچ.
غۇنچە گۈلۈم ئېچىلماس بولسا،
نېمە ئۈچۈن كۆكسۈمدە قىلىچ؟!

2010 ـ يىلى 23 ـ دېكابىر. خوتەن

# سەھەر گۈلشەندە ئىسمىڭ قىزىلگۈل

سەھەر گۈلشەندە ئىسمىڭ قىزىل گۈل،
سايراپ ئۆلىدۇ تۇمەنمىڭ بۇلبۇل.
يۈزۈڭ ئاپتىپىدىن قايرىلىپ قۇياش
يول ئالىدۇ قەلبىمگە ئۇدۇل.
مىڭ يىل ئۆتۈپمۇ كېپىنەك كۆڭلۈم
لالە لېۋىڭدىن ئىچمىدى شاراب.
قولۇڭ ئاسمانلاردەك چەكسىز، بىپايان،
پۇتۇڭ ئۆرە تۇرار يولۇمغا قاراپ.
كۆكسۈڭ قەبرەم ئىمىش زۇمچەك ـ زۇمچەك،
قاشلىرىڭ كامان ئىمىش مېنى ئاتقان.
كۆزۈڭ قەبرەمدىكى چىراغ ئىمىش،
چاچلىرىڭ كېچىلەرگە مېنى ساتقان...
بىر جام ئۆلۈمنى قانماسمەن ئىچسەم،
ئۆلەي بىر جاھان مەست بولغۇچە مەن.
كۆڭلۈم چۆلدىن قايتماس قەلەندەرمىش،
ئۇنىڭ ئارماندا نە بىر چىمەن؟!...

2010 ـ يىلى 23 ـ دېكابىر. خوتەن

www.uyghurkitap

## سەن ...

سەن قىيا باققىنىڭچە بىر پەرىزات
چۈشلىرىمدە يالغۇز ياتقان سوغۇق كارىۋات.
تېنىم ياتقان قۇملۇقلاردا تۆگىلەرنى
جىرىڭلىتىپ كېتىۋاتقان ئۇزاق ھايات.

سەن قولۇم تۇتقىنىڭچە قېتىپ قالغان
قىزىل گۈل تىكىنىدىن ساقىغان قان.
ئۆلۈۋېرىپ تۆگىمىگەن روھىم مېنىڭ
قېچىپ يۈرگەن پەلەكتىكى ئېگىز ئاسمان.

مەندىن ساڭا كېتىۋاتقان كارۋانلارنى
بۇلاۋاتقان قاراقچىسەن كۆيگە قېتىپ.
سەندىن ماڭا ماڭغان گۈزەل رەنالارنى
ئۆلتۈرۈۋەت دەيسەن ھامان ناخشا ئېيتىپ.

قولۇڭ قىلىچ دەستىسىدە ئەتىرگۈلدۇر،
يۈزۈڭ ئاينىڭ شولىسىدا ئايدىڭ كېچە.
قەبرەم مېنىڭ سەندە ئىمىش ئەلمىساقتا
قاراڭغۇ ھاياتىمنىڭ قەلبىگىچە...

2010 ـ يىلى 24 ـ دېكابىر. خوتەن

# كېچىدە بىر يۇلتۇز قانات قاقماقتا

كېچىدە بىر يۇلتۇز قانات قاقماقتا
بىر تال تاش ئالەمگە ئىشىك ئاچماقتا.
نەقەدەر ئېگىزدۇر كۆكۈلدىكى تاغ،
بىر ئاشىق يار ئۈچۈن داۋان ئاشماقتا.

خوش! دېگەن چاغدىكى ھەسرەتلىك ئازاب
بولماقتا يۈرەكتە لەززەتلىك شاراب.
ئەتىرگۈل بەرگىدەك كەتمەكتە تۇزۇپ
بىر ئايال تۇساتتىن ئەينەككە قاراپ.

ئۈستىدە قۇدرەتلىك تەڭرى بولمىسا
ئادەمنىڭ كېلەمدۇ ئادەم بولغۇسى .
بىر ئادەم ئاھ ئۇرار ئاسمانغا قاراپ
نەقەدەر نۇرانە ئۇنىڭ قايغۇسى!

2010 ـ يىلى 24 ـ دېكابىر. خوتەن



# شېئىرلىرىم ئۆلۈم پۇرايدۇ

مەن نېمشقا دەل ـ دەرەخلەردىن
ئۆگەنمەيمەن قۇشتەك سايراشنى؟
تارام ـ تارام كۆز ياشلىرىمدىن
قىزغىنىمەن مۇڭلۇق يىغلاشنى؟

ئاسماندىكى غېرىبانە ئاي
دېرىزەمگە كەلگەندە يىغلاپ،
مەن نېمشقا پۇلاڭلىتىپ قول
يۇلتۇزلاردەك تۇرمايمەن چاقناپ.

شېئىرلىرىم ئۆلۈم پۇرايدۇ
مەن شۇ قەدەر مۇدھىش جەسەتمۇ؟
مېنىڭ ئۆلۈك ياشاۋاتقىنىم
جەھەننەمگە يېزىلغان خەتمۇ؟...

2010 ـ يىلى 24 ـ دېكابىر. خوتەن

# ئۇچرىشايلى گۈگۈمدىن يىراق

ئۆلۈم ماڭا يېقىن ھەممىدىن
ئۇچرىشايلى گۈگۈمدىن يىراق.
شامال سالار كۆڭلەكلىرىنى
ياقار ھەمدە يۇلتۇزلار چىراغ.

سايلاردىكى سۆڭەكچى راۋاب
پەسلىتەر ئېھ، بىزگە ئاسمانىنى.
ئۇچرىشايلى ئۆلۈمسىز قويۇپ
يىرىم يولدا ھەممە ئىنسانىنى.

ئۇچرىشايلى دەريادەك تىرەن،
بىر يېگانە تاشنىڭ ئىچىدە.
ئۇچرىشايلى يارىم بىز شۇنداق
شېئىردىكى يىرىم كېچىدە.

2010 ـ يىلى 24 ـ دېكابىر. خوتەن

## پەريادى ئەجەم

ئېقىۋاتقان قېنىمنى توختىتالمايمەن
چىقىۋاتقان جېنىمنى توختىتالمايمەن
توزۇۋاتقان تېنىمنى توختىتالمايمەن
ئاللاھ، تاشقا ۋەتەن بولمىسىغىنىم
ئۆزۈمگە بىر پەس تولمىغىنىم
ئاللاھ، ئاللاھ..!
ئاسماندىن تامغىنىم
يەردىن ئۈنگىنىم
ئەينەك كەينىدە تۇرغىنىم
خەندە ئۇرغىنىم
كۆكۈم بارماقلىرىدىن جىن ئالغىنىم
كېچىلەرنىڭ تېنىنى چالغىنىم
ئاللاھ، ئاللاھ!...
ئېگىز سازەندىلەر كەلدى
يۇملاق ئولتۇردى
مۇقام قەلەندەر كەلدى
كىيىملىرىنى سالدى
كۆردۇمكى؛
ساھىبجامال بىر دۇنيا!

2010 ـ يىلى 27 ـ دېكابىر. خوتەن

## ئالغىن بۇ يۈرىكىم، مېنىڭ يۈرىكىم

ئالغىن بۇ يۈرىكىم، مېنىڭ يۈرىكىم
ئۇنىڭدا بار سەندىن ئۆزگە ھېچنېمە.
ئال ئۇنى، ياشىماق بولساڭ ئەبەدىي
بىر مەغرۇر ئۆلۈمدىن قىلىپ تەنتەنە.


كۆرمىگەن بولسامۇ لېكىن مەن ئۇنى
سېزىمەن يۇلتۇزسىز قاراڭغۇ ئاسمان.
گاھىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت،
گاھىدا پايانسىز مۇزلىغان ئوكيان.

يۈرەكلەر سوقارمىش مۇھەببەت ئۈچۈن،
بىلمەيمەن، نە ئۈچۈن سوقار ئۇ يۈرەك؟
سوقاتتى قەلبىمدە ئۆلگەندىمۇ يار،
سوقار ئۇ تېخىچە تىترەپ، گۈپۈلدەپ.

ئال، ئۇنى، مەشئەل قىل قاراڭغۇ تۈنگە،
قىلغىن يا بىر ۋاخلىق مەززىلىك تاماق.
مەن ئۈچۈن ھاياتنىڭ قەدرى ئۆلۈمدۇر،
سۆيگۈنىڭ ۋىسالى مەڭگۈلۈك پىراق!

2010 ـ يىلى 27 ـ دېكابىر. خوتەن

www.uyghurkitap



## گۈگۈم، خىرە ـ شىرە دېرىزە

گۈگۈم ئولتۇردى تاماق ئۈستىلدە
خىرە ـ شىرە كېكەچلىدى دېرىزە
كىمدۇ ناخشا ئېيتقاچ ئۆلۈۋاتقان؟
كىمدۇر ئۆلۈۋېتىپ ھاجەت قىلىۋاتقان؟
يوچۇن ئەرۋاھنىڭ تاماق قاچىسى
قۇيقۇرۇقتۇر قولۇمدىكىسى
كىچىكىمدە ئۆگزىدىكى ئاسمان
ئىچىمدىدۇر ھازىرقىسى...
گۈگۈم، خىرە ـ شىرە دېرىزە
ياشىغۇم كېلەر بىرە ـ بىرە،
قۇچاقلاپ ياشىمغۇچە، سۆيۈپ ياشىمغۇچە
... ياشىمغۇچە
ياشىغلى بولمايدىغان ھايات!

2011 ـ يىلى 4 ـ يانۋار. خوتەن

## قىش كۈنلىرىنىڭ داستىخىنىدا

قىش كۈنلىرىنىڭ داستىخىنىدا
قار، مۇزلاردىن باشقا
قىپقىزىل مۇزلاپ قالغان ۋە
ئۆلۈم پۈرايدىغان قان...

كۆكلىدىكى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن قىز
تىترەپ ـ تىترەپ
كەلدى مۇھەببەت ئالدىغا
مۇھەببەت ئوت
مۇھەببەت گۈلخان
مۇھەببەت يالغان
مۇھەببەت...
مۇھەببەت...

قىش كۈنلىرىنىڭ داستىخىنىدا
بىر ئىسسىق ئۆي،
ئۆيدە
ئوت قالاپ ئولتۇرغان قايسى قىزدۇر؟!

2011 ـ يىلى 4 ـ يانۋار. خوتەن

تۈنيفوز كىتاب تورى www.uyghurkitap

## كېچە تەنلىك ئايال قوينىدا

كېچە تەنلىك ئايال قوينىدا
چاراقلايدۇ ئاي ۋە يۇلتۇزلار.
چۈشلىرىنىڭ كارىۋاتلىرىدا
تولغىنىدۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار.

تاڭ سەھەرنىڭ كىرپىكلىرىدىن
ساقىپ چۈشەر ئۆلۈملۈك ھايات.
كىتاب مەڭگۈ چۈشەنمەس مېنى
ئوقۇپ ـ ئوقۇپ... بولارمەن بەرباد.

دۇنيا ـ دۇنيا قەلەندەر ئىدىم،
مۇزلاپ كەتتىم سۆيگۈدىن كېتىپ.
ئۆلسەم ئەگەر كۆمۈپ قويۇڭلار
قەلبىڭلاردىن بىر قەبرە قېزىپ!...

2011 ـ يىلى 5 ـ يانۋار. خوتەن

# مۇھەببەت دەشتىنى كەزدىم قىرىق يىل

## 1

كىمكىنە ئۆلۈمنىڭ گۈزەللىكىنى
بىر مۇڭلۇق غەزەلگە قىلغان قەلەندەر؟
كىمكىنە چۈشنىڭ كارىۋاتلىرىدا
قاراڭغۇ سۆيگۈدىن پارلىغان سەھەر؟

كىمكىنە قوزغىغان مىسكىن قەلبىدە
ئەتىرگۈل بەرگىدەك ھەسرەتلىك ئۇرۇش؟
كىمكىنە ئويىنىغان يىرتىلىپ جۇل - جۇل
دەھشەتلىك مۇقامغا ئاتقاندا تۇرمۇش؟!

بىر ئايال دەرەخكە قونغاندا قۇچقاچ
دەريانىڭ سۇلىرى ئايلىنار تاشقا.
يۈرەكنىڭ قولىدا دەستە - دەستە گۈل
چىلىشىپ تۇرار ئاھ ھەسرەتلىك ياشقا.

كىمكىنە مېنىڭ بۇ پەرىيادلىرىمنى
شېئىردەك ئوقۇغان جىمجىت ئولتۇرۇپ؟
كەلگىن ئەي... بۇ ياڭراق ئاۋازىمنى مەن
لەززەتلىك سۆكۈتكە قويدۇم تولدۇرۇپ!

www.uyghurkitap

2

قىزىل گۈل ۋارقىراپ توزۇش ئالدىدا
ئەمەستىم مەن تېخى نالىدار بۇلبۇل.
قەلبىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە كېچە
سەن كىم؟!... سوردى بىر نەچچە يۇلتۇز.

مەن كىم ھە؟!... مەن كىممەن ئۆزۈمدىن بۆلەك،
قاراڭغۇ دەريادا ئاققان يۇلتۇزمەن.
ئۆلۈمدىن يوشۇرۇن ئۆلۈپ ھەر كۈنى
ھاياتقا تاراملاپ ياغقان يامغۇرمەن.

ۋۇجۇدۇم تولمايدۇ تەكلىماكانسىز
ئەينەككە چوڭقۇرلاپ كەتكەن ئاسمانمەن.
ئاھ، پۈتكۈل ئاياللار بولۇپ بىر ئايال
ئالەمگە تاراتقان گۈزەل ھىجرانمەن.

كىرمەيدۇ مۇھەببەت ئوچۇق ئىشىكتىن،
مەن ئاشۇ ئىشىكنى ئاچقان ئىنسانمەن.
تېنى يوق بىر ئايال ئۆينىڭ ئىچىدە...
ئاھ، ئۇنىڭ ئىشقىدا مەڭگۈ سەرسانمەن!

3

پەرىشان كۆڭلۈڭدۇر مەن ياتقان كېچە
ئارقاڭدىن ئەگىشەر تارام - تارام چاچ.
پەسىللەر يىغلايدۇ دېرىزىلەردە
تىرنىقىڭ ئاستىدىن ئۆتتۈم نائىلاج.

بۇ چۆلكى ئاشىقنىڭ تەكلىماكانى،
ئاسماننىڭ بايرىقى مەڭگۈلۈك بۇ چۆل.
تويىمىز بولدۇ دارغا ئېسىلىپ
ئۆلۈمنىڭ رەڭگىدە ئېچىلغاندا گۈل.

يىڭنە قۇلىقىدىن ئۆتكەندە كارۋان
گۈللەرگە پۈركىنەر رەڭگارەڭ ئەجەل.
شاھلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتەر شادىمان
مۇقامغا كىرگەندە دىۋانە غەزەل...

ئاھ جېنىم، ئىككىمىز ئۆلۈۋاتىمىز
لەززەتلىك ئاھ جېنىم سۆيۈشۈپ تۇرۇپ.
ئەرشتە ئۇنتۇلغان ئايغىمىزنى
ئىزلەيدۇ پەرىشتىلەر يۈگۈرۈپ يۈرۈپ...


4

سەن گويا قەلبىمنىڭ يىرىم كېچىسى
چىراغچى خىياللار يانار پىلىلداپ.
جېنىمنى ئوينايدۇ جىننىڭ بالىسى
قۇچاقلاپ، قۇچاقلاپ... كېتەر ھالسىراپ.

ئەينەكلىك ئۆلۈمدىن ئۆتتۈم ئايلىنىپ،
بىر كونا قەبرىدە يارىم ئولتۇرار.
دەريالار ئارقىغا ئاقتى قايرىلىپ
يۈرەكنىڭ شېخىدا بۇلبۇل ئاھ ئۇرار.

سوغۇق بىر جەسەتنىڭ قايغۇسى بىلەن
ماڭدىم قول تۇتۇشۇپ تەكلىماكانغا.

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



خوش دەڭلار، كېتەرمەن شۇ ماڭغان پېتى
بۇ يولدا بەلكىم مەن ئېگىز ئاسمانغا.

5

سۆيۈپ مەن جېنىمنىڭ جانانىسىنى
توشقۇزاي لېۋىنىڭ پىيالىسىنى.
قوندۇراي كۆڭلىنىڭ يالقۇن شېخىغا
ئىشقىمنىڭ پىداكار پەرۋانىسىنى.

چېچىدىن ئۆتكەندە غېرىب ھارۋىكەش
كۆزىدىن ئاھۇلار قاچقاندا تاغقا،
دەردىنىڭ كاككۇكى سايراپ، ئاھ سايراپ
قۇرۇغان دەرياغا چۆككەندە ئاستا...

قوللىرىم باغلاقلىق قىزىل گۈل بىلەن
بىر تال چاچ دار بولۇپ ئاسىدۇ مېنى.
دەيمەن ئاھ، شىۋىرلاپ: ئۆلەي، مەن ئۆلەي...
مۇھەببەت - ئۆلۈمنىڭ يەنە بىر ئىسمى.

6

مەڭگۈلۈك بۇ چۆللەر يارنىڭ تېنىدۇر،
چۆللەردە جان بەردى سانسىز قەلەندەر.
ئاشىقنىڭ ۋەتىنى - يارنىڭ ناخشىسى،
ناخشىلار كوچىدا ماكانسىز يۈرەر.

دىلبەرنىڭ قولىدا بىر قەدەھ ئۆلۈم،
ئارقىلار ئالەمگە لالەرەڭ تۇمان.

قۇرار ئاھ، ھىجراننىڭ ئاخىرقى يېشى
كىرپىكلەر كەينىدىن كەلگەندە كارۋان.

كۈيلەيدۇ قىلچىنى نادامەت بىلەن
قىپقىزىل قانلاردىن توقۇلغان قوشاق.
راۋابنىڭ تارىدىن يىقىلغان ئاسمان
قۇچقاچنىڭ كۆزىدە يىغلايدۇ ئۇزاق.

قارىغۇ بۇلاقتا يۇيۇنغان كېچە
يالىڭاچ ئوينايدۇ جىننىڭ تويىدا.
يار دېگەن دار ئىكەن دېدىم ئىچىمدە
ئېسىلىپ تۇرۇپ مەن ئۇنىڭ بويىغا...

7

كوچىلار قاراڭغۇ ئاياغلىرىمدا،
يار سىنىڭ ئىسمىڭغا تولدى كېچىلەر.
كۆڭلۈمنىڭ ھەسرەتلىك خانىقاسىدا
ئىلتىجا قىلدىم مەن ساڭا ھەر سەھەر؛

كەلمەسمەن، كىرپىكىم قەبرىستانلىقى
لىق تولدى چۈشلەرنىڭ جەسەتلىرىگە.
رەتمۇ رەت بارمىقىم كەتتى چېچىلىپ،
مۆكۈندۈم ئۆلۈمنىڭ خىلۋەتلىرىگە.

كەلمەسمەن، چېچىڭدىن قارا قاغىلار
كەتمەكتە قاقىلداپ بوستانلار ئارا.
كەزمەكتە بىر قۇياش مىڭ بىر كېچىدە
ئەبەدىي زۇلمەتلىك كۆزلىرىڭ ئارا.

كەلمەمسەن، ئەي نۇرلۇق ئاينىڭ بالىسى،
گۈلبەدەن كېپىنەك، ئەي سۇنۇق يىڭنە.
مەن كۆپكۆك ئاسمانمەن، سەن تۇپراق بولساڭ،
مەن سېنىڭ ئۈستۈڭدە، سېنىڭ ئۈستۈڭدە...

8

سەن ئاشۇ قىپقىزىل ماشىنا بولساڭ
شاراقلاپ تۇرغان پۇل سېنىڭ ئاۋازىڭ.
سۆيۈشۈپ تۇرغاندا ئۆلمىگەن بولساڭ
باغرىمدىن يىراقلاپ كەتتى پەرۋازىڭ.

مۇزىكا... ئەي جاللات، مېنى قۇچاقلا
ئەي شېئىر... سەن ئىككى دۇنيالىق ئازاب.
چېقىۋەت كۆڭلۈمنىڭ دېرىزىسىنى،
ئىچىۋەت، ئىچىۋەت مېنى مەست شاراب..

قۇتۇلدۇر تېنىمنىڭ جىنازىسىدىن
سۆزلەي مەن ئۆلۈكلەر قەسىدىسىنى.
چېلىپ بەر لېۋىڭدىن بىر كاسە تەمبۇر،
قۇيۇپ بەر قەدەھكە گۈلنىڭ چۈشىنى.

سەن ئايال بولغاچقا قەلبىم شېئىردۇر،
يىغلايمەن سېغىنىپ گۈلنىڭ ئۆيىدە.
ئىككىمىز تەڭ ئۆلسەك سۆيگۈ تۈگەرمۇ
چۆللەرنىڭ تېپتىنچ، غېرىب كۆيىدە؟!

## 9

بۈگۈن بىر ئۆلۈمنى قىلدىم تاماشا
ياتاتتى ئاشىقنىڭ كۆڭلى كوچىدا،
ئۇ بىر تال ئەتىرگۈل ياكى سالام خەت،
بىر تامچە ياش ئىدى ياكى... ھەسرىتا!

مەن بىر تال قوۋۇرغام ئۈچۈن يىغلىدىم
تېنىمنى سىلايتتىم نادامەت بىلەن.
يوق ئىدى روھىمنى گۈللەتكەن باھار
مىلك خۇلق، ئاھ مىلك بىر نازاكەت بىلەن.

مەن بۈگۈن ئەڭ ئېگىز ئاسماندا تۇرۇپ
ھېس قىلدىم، قانىتىم كېتىپتۇ توزۇپ.
خەير - خوش پەرىزادا!... دېدىم ئامالسىز
قاپقارا بۇلۇتتەك يىغلاپ، ئاھ ئۇرۇپ.

مەن بۈگۈن ئۆلۈمدىن كېيىن چۈشەندىم
ھاياتتىن ئىلگىرى يوق ئىكەن ئۆلۈم.
سايراي مەن بۇلبۇلۇڭ بولۇپ بىر ئۆمۈر
قايتىپ كەل بېغىمغا ئەي مىسكىن گۈلۈم!

## 10

مۇھەببەت ھەققىدە ئېيتقان بۇ ناخشام
يۈرىكىم تەكتىدە تۇرغان قىرىق يىل.
ھەر كۈنى ئۆلۈپمۇ ياشىيالمىدىم
ئاھ، مېنى يار بىلەن ئۇرغان قىرىق يىل.

قاراڭغۇ كېچىگە كىرىپ ئايالللار
قىرىق يىل ئىزدىدى چۈشۈمنى مېنىڭ.
قىرىق يىل بىر قىزنىڭ كۆزىگە چۆكۈپ
ھېچ ھالى قالمىدى غېرىب چۈشۈمنىڭ.

بەزىدە كوچىدا ئۇخلاپ قالىدۇ
قىرىق يىل كۆمۈلمەي قالغان ئۇ جەسەت.
جەسەتنىڭ چۈشىدە ناخشا ئېيتىدۇ
بىر قىز، ئاھ!... قارا قاش، بوستان سىكىلەك....

مەن ئىشق دەشتىنى قىرىق يىل كېزىپ
ئاخىرى قەلبىمدىن تاپتىم بىر ماكان.
ئۇ — يەرنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى
يەتتە قات كۆمۈلگەن يەتتىنچى ئاسمان!

2011 ـ يىلى 12 ـ يانۋار. خوتەن

# بىر بىچارە قەلەندەر ئىكەن ...

كۆز ياشلىرى سۇسىز كۆل ئىكەن
كۆڭلى چۆلدىن ئۆزگەن گۈل ئىكەن
گۈلگە قاراپ خىيالغا پېتىپ
توزۇپ كەتكەن غېرىب چۆل ئىكەن...
ئوت ئىچىدە سۇدەك يالڭاچ
ئەينەكلەردە ئايدەك يالڭاچ
كۆكلەملەردە بولۇپ قارلىغاچ
پەردىلەرنى قىيا قايرىغاچ
ئاھۇ كۆزى تاغدىن تاغقا، ئاھ
قېچىپ يۈرگەن جېنىم قارا چاچ!...
سۇنۇق يىڭنە يۈرىكىدىكى
شۇ يىڭنىنىڭ قۇلىقىدىكى
دۇتار چالغان نازۇك تېنىنى
تەمبۇر چالغان بىر تال جېنىنى
ساتار چالغان مۇڭلۇق قېنىنى
ۋە ئۇسسۇلچى سۆڭەكلىرىنى
كارۋان قىلغان مۇقام ـ مۇقام
بىر بىچارە قەلەندەر ئىكەن!...

2011 ـ يىلى 13 ـ يانۋار. خوتەن

www.uyghurkitap



# ناتونۇش ئۆلۈم

ناتونۇش ئۆلۈم
كوچىدىلا ئالدىمنى توستى:
ھەي، غوجى
ئاسمانغا كېتىۋاتامسەن؟
مەن دېدىم: شۇنداق،
خۇدانىڭ دەرگاھىغا بىرنۇالاي
سېنىڭدىن تېزراق...

2011 ـ يىلى 14 ـ يانۋار. خوتەن



# ئامرىقىم، سۆيۈشەيلى

ئامرىقىم، سۆيۈشەيلى
ئامرىقىم، سۆيۈشەيلى
ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ
يەر يېرىلىپ كەتسىمۇ
قۇياش ئۆچۈپ كەتسىمۇ
تەكلىماكان كۆچۈپ كەتسىمۇ
ئۆلۈكلەر قەبرىستاندىن قېچىپ كەتسىمۇ...
باغدىن باغقا يىغلاپ
تاغدىن تاغقا ۋارقىراپ
شامالدىن شامالغا يىپ ئۇلاپ
توپىدىن تەن
قۇمدىن ئۇستىخان
ئوتتىن روھ
سۇدىن ئايۋان
بارخان ـ بارخان
كارۋان ـ كارۋان
ئاھ!...
ئۆلۈمگە يېقىن
ئەجەلدىن يىراق...

2011 ـ يىلى 14 ـ يانۋار. خوتەن

# يارنىڭ تويى مېنىڭ ئۆلۈمىم

يۇلتۇز كۆزى كەتتى تېشىلىپ
تۆشۈك يۇلتۇز تولدى ئاسمانغا.
ئاسمان يايدى يارنىڭ رومالى
رومال تىترەپ ئورالدى جانغا.
جان قادالغان ئوقتۇر ھاياتقا
ھايات ياشاپ يۈرگەن جىنازا.
جىنازىدىن چىقىپ كېتەرمەن
بىر كۈنى مەن ئۆلۈپ بىر ھازا...
ئۆلۈۋېرىپ تۈگىمەيدۇ تەن،
بولسام تەندىن ئۆزگە تۇپراقتا
ئىدىم قانچە مۇقەددەس ۋەتەن.
ئېھ، شۇنچىلىك يىغلاپ تۇرۇپمۇ
كېتەلمىدىم دەريا بويىدىن.
ئوغرىلىدىم ۋىسال تۈنىنى
قاپقاراڭغۇ يارنىڭ تويىدىن.
يارنىڭ تويى ـ مېنىڭ ئۆلۈمىم،
ياپراقتىكى قايسى پىچىرلاش
قۇچقاچتىكى قايسى ۋىچىرلاش
مەن بۇ تويغا كېتىشۋاتقاندا؟!

2011 ـ يىلى 14 ـ فېۋرال. خوتەن

## نەقەدەر دەھشەتلىك ئىسمىم ئاھ، خۇدا

نېمىشقا تېنىمدىن چىقمايسەن قېچىپ
ئەي جېنىم، نېمىشقا سەۋدايى خىيال؟
نېمىشقا ئەينەكتە ئۆلۈمنى كۆرۈپ
يەتتە قات ئاسماندىن ئېگىز بىر ئايال؟!

ئۇ ئايال تەقدىرنىڭ تۇنجى بېكىتى،
ياشلىق بۇ بېكەتتىن ماڭغان ماشىنا.
مۇھەببەت ـ قايغۇغا پاتقان بىر كېچە
نەقەدەر دەھشەتلىك ئىسمىم ئاھ، خۇدا؟!

ئىپ ماڭدى قەلبىمنى جەننەتكە قاراپ
دوزاخقا ماڭغان بۇ تۇنجى ماشىنا.
نېمىشقا چۈشۈمگە كىرمىگەن قىزلار
قارايدۇ يارىمدەك نەپرەتتە ماڭا؟!

2011 ـ يىلى 16 ـ فېۋرال. خوتەن

www.uyghurkitap

# بارچە بايراقلار ئىچىدە

بارچە بايراقلار ئىچىدە
سېنىڭ لەپىلدەپ تۇرغان قىزىل ياغلىقىڭ
مېنىڭ بايرىقىم!

كېچە تەنلىك ئاياللارنىڭ قوينىدا
ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ بويىدا
شېئىرلاردا
ناخشىلاردا
ئېتىزلاردا...

قاراپ كۆزۈڭدىكى قىلچقا
يەردىكى جەسىتمگە كۆزۈم چۈشتى

2011 ـ يىلى 17 ـ فېۋرال. خوتەن

## شامال بولۇپ چىقسام تالاغا

شامال بولۇپ چىقسام تالاغا
جۇلدۇر ـ كىيەن دىۋانە بىلەن،
لاي كوچىدا ئويناپ يۈرەتتى
ئەۋرەتلىرى ياپيېشىل ۋەتەن.

سۇلار سۇمبۇل چېچىنى تاراپ
ئېرىقلاردا ئېيقىپ كۈي ـ داستان،
ئالىقانلىرىم ئارىسىدا
يارىنىڭ يۈزى بىپايان ئاسمان...

تۇپراق ئۆرلەپ چىقتى جەسەتكە،
تونۇش ئۆلۈم ئىشىكنى چەكتى.
مۇھەببەتنىڭ تىنىقى بىلەن
تولدى تىرەن يۈرەكنىڭ تەكتى.

مەن بۇ يۇمشاق روھنى تىڭشاشقا
كۆكرىكىڭگە باش قويدۇم باھار،
بىردەم توختاپ ئۆلۈپ كەتكىلى
يۈرىكىمدە تىپچەكلەيدۇ يار!

2011 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال. خوتەن

تۈيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# تويۇم بولغاندا يىغلايدىغان قىز

ئەڭ قاراڭغۇ كېچىلەردە، ئەڭ زۇلمەت قەبرىلەردە
ئاسماننىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە، يەرنىڭ يەتتىنچى تەكتىدە
قەلبىمدە، كۆڭلۈمدە، يۈرىكىمدە
تويۇم بولغاندا يىغلايدىغان قىز...
كۆزى سۆزلەيدۇ چاقماقلاردىن قاپىيەسى بار
كىرپىكى قارلىغاچ، قان يۇقى پەردىنى قىيا قايرىغاچ
ئوڭدا ياتقان ئىككى كۆكسى بارخان - بارخان
كىندىكىدە ئۆركەشلىگەن كۈمۈش جام
تېنى قىزىل ئېرىقتا ئېقىۋاتقان
ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىكى
بارسا - كەلمەس يولدا كېتىۋاتقان...

تويۇم بولغاندا يىغلايدىغان قىز
نەۋباھاردا شامال كۆڭلەكلىك
كۆڭلى ئېگىز يەتتە ئاسمان ئەينەكلىك
دۇتار چالسا كىرپىكىدە
مۈشۈكلىرى ئېتىكىدە
مياڭلايدۇ ئىككى ئالەم قىيامەت...

تويۇم قاچان بولىدۇ؟
گۈلگە ئاپتاپ بەرگەندە يىڭنە
سۇغا شامال ئارتقاندا رومال

**جانغا ئۆلۈم بولغاندا قۇربان**
**ئۆلۈپ كېتىپ چۈش كۆرگەندەمەن!...**

2011 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال. خوتەن



# يالغۇز ئوغلۇم

دادىسى شەھەردىكى شامال قەلەندەر
ئانىسى سەرسان كېپىنەك، ئوغلۇم يالغۇز.
باللىقى جىنلارنىڭ ئۈتكىدە چوڭ بولغان
ئاسمان تۆشۈكلىرىدىن ساڭگىلىغان ئوغرى يۇلتۇز.

'مېنى چاقىرسا ساپان، بۇقۇسا
چاقىرمىسا ئاق قالغان ئېتىز.
ئەۋرىتى قارا بولغان، تۇيۇقسىز
تامنىڭ كەينىدىن يۈگرەپ چىقسا قىز.

سۇمباتلىق تەخەيگە مىنگۈسى باردۇر
ئېغىلدىن ـ ئېغىلغا تامدىن ئارتىلىپ.
كۆڭلىنى بازارغا سالغۇسى باردۇر
ئېگىز ئىشتىنىدىن تارتىنىپ...

ئوغلۇم ئون ئۈچ ياشتا ئوتتۇنچى ئادىل
ناخشىسى قىرىق ياشلىق قىرى جاڭگال.
ئوغلۇم ۋەتەن ئۈچۈن چوڭ بولماقتا
ئوغلۇم شېئىردىنمۇ ئۇلۇغ ھەتتا!...

2011 ـ يىلى 19 ـ فېۋرال. خوتەن

## قەلبىم

باھارنىڭ بىر ئەتىگىنى
شامال چاچلىرىنى تاراۋاتقان ئايال مېنىڭ قەلبىم.
كەچكۈزنىڭ بىر كەچقۇرۇنى
يۇلتۇز كۆزىدىن تاراۋاتقان زاۋال مېنىڭ قەلبىم.

مېنىڭ قەلبىم
ئايدىكى چىراغدا ئۆچۈۋاتقان رەسەتخانا.
مېنىڭ قەلبىم
ئۆلۈككە سۆيگۈ كۆتۈۋاتقان جەسەتخانا.

قەلبىم خۇداغا يېقىن مازار
قەلبىم قىيامەتكە يېقىن بازار

قاپقاراڭغۇ كېچىلەردىن بىر جام
ئاشىق غەزىلىدىن مۇقام
يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ
يىغلاپ ھامان تارام ـ تارام....

2011 ـ يىلى 18 ـ ئاپرىل. خوتەن

www.uyghurkitap

# قىز كېچىسى گۈلدەك ھۆپپىدە

تارام ـ تارام سۆيگۈ ئۆركىشى
كۆكۈلدىكى قۇملۇققا ئاقار.
كۈيلەر خازان ئىچرە باھارنى
يۈرەكتىكى نادامەتلىك تار.
مۇئەللەقتە يېگانە ئاسمان
چايقىلىدۇ دەريادا خىرە.
ئۆلۈك ئاتلىق ماڭار ئەرشكە
چېكىلىدۇ زۇلمەت پەنجىرە.

قۇش ئۇۋىسى توزىغان ئاخشام
قانات قاقار ھەسرەتتە ناخشام

2

خىرە ـ شىرە ئۆلۈم مۇھەببەت
بىرە ـ بىرە شادلىنار ھەسرەت.
ھايات ـ مامات قۇچاقلىشىدۇ
بىر ـ بىرىگە تەلمۈرۈپ دەھشەت.
سۇمبۇل چېچى مەجنۇن سۆگەتنىڭ
ئۆستەڭدىكى يىلاندۇر گويا.
بىر قەلەندەر يىغلاۋاتىدۇ
خۇرجۇندا لىپمۇ لىق دۇنيا.

ئېچىلدۇردۇم گۈلنى بىر كېچە
بۇلبۇل بولۇپ سايراپ تاڭغىچە


3

قۇمدىن قوپۇپ، توپىغا ئىمان
سۇدىن پاكىز، ئوتتىن مېھرىبان.
تىرىكلەردە ئۆلۈپ كەتكەن يەر
ئۆلۈكلەردە سۆپسۆزۈك ئاسمان.
قىز كېچىسى گۈلدەك ھۆپپىدە
سالا ـ سالا مۇنبەت قەبرىستان.
تىرەكلەردە ناغرا چالغان قۇم
ئەينەكتىكى گۈللۈك ئىشتان...

جىنازامنى ئۆزۈم كۆتۈرەي
يار كەينىدىن يۈگۈرەي...

2011 ـ يىلى 18 ـ ئاپرېل. خوتەن

www.uyghurkitap



# گۈگۈم قانىتى چىلاشتى جامغا

گۈگۈم قانىتى چىلاشتى جامغا
مەستلىك قانات قاقتى يۈلتۈزدا، ئايدا،
ناخشا كەيپ بولۇپ يۆلەندى تامغا
يۈرىكىم كىشنەپ ـ كىشنەپ كۆكسۈمدىكى سايدا
ئاللاھ، ئاللاھ!...
ئەجەل ياراقلىرىدىن ئوقنى تاللاپ
ئىلاھى كىشەنلەردىن يوقنى تاللاپ
تېنىمگە شوتا ـ ئىككى پۇتۇمدىن
تېنىمنىڭ شېخى ـ ئىككى قولۇمدىن
تېنىمنىڭ يۈكى ـ ئېغىر بېشىمدىن
قۇتۇلمىغۇچە قەبرەم بولماس!
...
كىمكىن دۇتار چالغان قەبرىسىدە
ئۇزاق بىر جۇدالىقنىڭ سەبرىسىدە
كىمكىن يارىغا يار بولغان
تۆگىمەس مۇھەببەتنىڭ جەبرىسىدە...
ئۆلۈم كەلگىچە كۈتەي
كۈتەي ـ كۈتەي، ئاللاھ ـ ئاللاھ!...

2011 ـ يىلى 20 ـ ئاپرېل. خوتەن

## مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئۆتمۈشى ئەمەس

مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئۆتمۈشى ئەمەس،
كەلگەن شۇ ئادەمگە قايتقىلى ھامان.
مەن ئاشۇ ئۆتمۈشنىڭ كەلگۈسى بولۇپ،
كەلگەن بۇ سۆيگۈنى قىلىشقا بايان.

كۆكسۈمدە يار دېگەن بىرلا يۈرىكىم،
ئۇ ۋەتەن، ئۇ خەلق... ياكى بىر ئايال.
كۆزۈمدە ئۇ دېگەن بىرلا چىرىغىم،
ئۇ خۇدا، ئۇ ئۆلۈم... ياكى بىر خىيال.

خىياللار ئىچىدە خۇدا ۋە ئۆلۈم
ھەممىدىن پارلاقتۇر، ھەممىدىن زۇلمەت.
تاڭ ئاتماس ئاخىرقى مېھرىبان كېچە
قولىدا بىر قاچا ئىسسىق مۇھەببەت.

2011 ـ يىلى 22 ـ ئاپرېل. خوتەن

www.uyghurkitap

## دوختۇرخانا ئىشكىدە

داسقا لىپمۇ لىق كۆز يېشىمنى قۇيىمەن
ئۆلۈم پۇرايدىغان ھاياتنى يۇيىمەن
ھايات ئۆلۈم پۇرايدىغان كارىۋات
كارۋات ئۆلۈۋاتقان كېسەل ئات

ئۆلۈم ئىچىدە
ھايات قۇرۇپ كەتكەن بىر تەنھا ئارال
ئارالدا ناخشا ئېيتىپ تۇرار بىر ئايال
ئۇ ـ قەلبىمنىڭ يېرىم كېچىسى
ئىسسىق جېنىمنىڭ قانات قېقىشى
تېنىمنىڭ پەرىشتىلەرگە ئىشىك ئېچىشى
بىر كىم ۋارقىرىدى تاشتەك جىمجىت:
ئايال كەلدى كۆڭلىدىن
گويا ئۇ كارىۋات، يالىڭاچ...
ھاياتنى ساقلا
ئۆلۈمنىڭ تېۋىشىغا قۇلاق سالغاچ!

2011 ـ يىلى 22 ـ ئاپرېل. خوتەن

# ئەي كۆڭلۈم، توختىما ھەسرەت چېكىشتىن

ئەي كۆڭلۈم، توختىما ھەسرەت چېكىشتىن
ئازابلىق ناخشىغا سالغىن سەن قۇلاق.
مەن دارغا ئېسىلغان قاراڭغۇ تاڭدا
ھاياتلىق ناخشىسى ياڭرايدۇ ئۇزاق.

بىر قەدەم ئۆلۈمدىن ئۆزگە نېمە بار
ھاياتنىڭ بىزلەرگە بەرگىدەك يەنە؟
ئەي كۆڭلۈم، مەن ئۆلگەن قۇياشلىق تۈندە
قاينار شاد چۇقانلار، ياڭرار تەنتەنە.

ئاخىرقى دەريادا يۇيۇنار ئايدىڭ،
ئاچار ھەم يۈزىنى نىقابلار ئاخىر.
ئەي كۆڭلۈم، مەن ئۆلۈپ تۇپراققا كىرسەم
ھاياتنى قۇچاقلاپ قالار بۇ شېئىر!

2011 ـ يىلى 22 ـ ئاپرېل. خوتەن

www.uyghurkitap

# قۇتۇلار شېئىرمۇ بىر سۆز - بىر سۆزدىن

قۇتۇلار شېئىرمۇ بىر سۆز - بىر سۆزدىن
يازمىغان ھېچكىشى مىنىڭدىن بۆلەك.
كېچىدە ئاسماندىن يەرگىچە مەن بار
جەسەتسىز تۇپراقتا سوقمايدۇ يۈرەك.

ئويغاق ئىت - يۈرەكتۇر قەبرە ئالدىدا،
ئۆلمەس ھەم ئەبەدىي قەبرىدىكى يار.
ئۆلۈمدۇر مىسلىسىز مۇڭلۇق بىر غەزەل
مەن يارنىڭ دەردىگە چالغاندا دۇتار.

ئۆلۈمنى ياسايمەن بىر كۈن - بىر كۈندىن
دۇتاردەك شاد ئەلەم ئىچرە مەن خەندان.
قۇياشنىڭ دەردىدىن كېتىمەن يىراق،
قاراڭغۇ يوللاردا ئىزىم بار ھامان.

2011 - يىلى 26 - ئاپرېل. خوتەن

## كۆزۈڭدە كېچىنىڭ قارا ئىتلىرى

كۆزۈڭدە كېچىنىڭ قارا ئىتلىرى
قاۋايدۇ يۇلتۇزدەك مىسكىن، پەرىشان.
قايغۇ ۋە ئەلەملەر كەتمەكتە توزۇپ،
ئاھ ئۇرار لىۋىڭنىڭ غۇنچىسى پىنھان.

ھەر بىر تال چېچىڭنىڭ ھارۋىكەشلىرى
ئوينىتار قامچىنى بىر مىڭ ئالتە يۈز.
يامايدۇ كۆڭلىنى قەلەندەر يۈرەك
يۈگۈرۈپ كېلىدۇ ساڭا تاغۇ - تۈز...

بىر سۇنۇق يىڭنىدىن كارۋان كېلىدۇ
كۆڭلۈڭدە نە كارىۋات ئارام ئالغۇدەك؟
بىر چىنە سۇ ئىچسەم قارا كۆزۈڭدىن
دەريا ھەم دېڭىزلار قۇرۇپ كەتكۈدەك...

2011 - يىلى 26 - ئاپرېل. خوتەن

# ئىشق چۆللىرىنى كېزىپ مىڭ يىل

ئىشق چۆللىرىدە كېزىپ مىڭ يىل
ئاچسام دەپتەرنى مىڭ بىر باياۋان.
مەجنۇن مۇقاملار يار ئىشكىدە
قىلۇر جاننى مىڭ قېتىم قۇربان.
ئەزەلدىن قاۋايدىغان ئۆلۈك ئىت بىلەن
جەسەت كوچىسىدىن ئۆتكەن شامماللار،
چېقىپ ئەينەكنى يەتتە قات ئاسمان
يار جامالىنى كۆرگەن ئايالار...
روھى يامىشىپ كۆككە يىلاندەك
زاۋال مۈشۈكى تۇرغان مىياڭلاپ.
چۈشنى قەدەھكە قۇيغان يۇلتۇز
قاراڭغۇ كېچىدىن نۇردەك تامچىلاپ...
ئۆلۈمنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلگەن كۆڭۈل
يارنىڭ تېنىدىكى دار ئالدىدا.
شارابتەك مەست بولۇپ كۈلگەن گۈل
توزۇپ كەتكەن گۈلزار ئالدىدا...

2011 ـ يىلى 28 ـ ئاپرېل. خوتەن

# بىرىنچى ئۆلۈمىم تۇغۇلغاندىكى ...

بىرىنچى ئۆلۈمىم تۇغۇلغاندىكى
ئىككىنچى ئۆلۈمىم سۆيگەندە قىزنى،
مۇھەببەت جىنىمنى ئالغاندىن كېيىن
بىلمەيمەن نە ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىمنى...

نە ئۆلۈك ـ تىرىكمەن، نە مەن بارۇ ـ يوق،
نە مەڭگۈ تۇرۇشنى، قىچىپ كېتىشنى
بىلمەيمەن، قەبرىدە تۇرساممۇ مىلك يىل
قاراڭغۇ كېچىدە چىراغ يېقىشنى...
ئاھ خۇدا، ئۇ چىراغ يار دېگەن ئايال
دىلدىكى كارىۋاتتا ئۇخلىغان خىيال.
پۇتلىرى ماڭغاندا كارىۋات ئۈستىدە
يۈرىكى بىر چۆلدىن سۇ ئىچەر خۇشال...
ئۆلۈملەر تۈگىمەي تىرىكلىكىمدە
ئۆلگىچە ئۆلەرمەن چەكسىز شۇقەدەر.
ئاخىرقى تىنىقىم چىققاندىن كېيىن
ئۆلۈم ـ
ئاخىرى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرەر!

2011 ـ يىلى 5 ـ ماي. خوتەن

# تېرەكلىك يوللاردا كۆڭلۈم ھارۋىكەش

تېرەكلىك يوللاردا كۆڭلۈم ھارۋىكەش
قىزلارنىڭ ھەددىدىن مەست بولمىغان كىم؟
جېنىمنى جانانغا بېرەي دېگەندە
جانانىنىڭ قەلبىگە يېقىلدى قەلبىم.

يوللارغا سۇ سېپىپ ياشلىرىم بىلەن
بېشىمدا يۈگۈرۈپ چىقسام ئالدىغا،
مۇھەببەت ئىشتاننى سىلىۋېتىپتۇ
كۆڭلۈم يۈگۈردى تامنىڭ دالدىغا...

ئاھ، ئەمدى سەھرانىڭ جانان چىنىسى
تاغلارنى تاغلارغا چاتقان قەلەمقاش...
بىر دەريا شېئىردىن چىقىپ قىرغاققا
كېچىنىڭ بويىنغا ئاساي بىر قۇياش!

2011 ـ يىلى 9 ـ ئىيۇن. خوتەن

# مەن جۇدا...

قۇياش بۇنچە قاراڭغۇ بولمىسا
ئاينىڭ بويىنغا ئېسىلىپ يىغلارمىدىم؟
يۇلتۇزلار بۇنچە پەرىشان بولمىسا
دەريا بويىغا بېرىپ بۇلۇتلارنى تىللارمىدىم؟!...
ئاھ، خۇدا
مەن جۇدا
كۆكتىكى ئاسماندىن
گۈلدىكى رەيھاندىن
باغرىمدىكى تاشتىن
كۆزۈمدىكى ياشتىن
ئاھ، خۇدا!...
كىچىكمەن ئۆزۈمدىن
گاچىمەن سۆزۈمدىن
گاھىدا
قاراپ ئوڭ ۋە سولۇمغا
ئۈيۈلمەن ئىككى يۈزۈمدىن...
كىرپىكىم ئوق
كۆزلىرىم سىرتماق.
تۆكلىرىم نەيزە
قوۋۇرغام پىچاق.
گۆشلىرىمدە ئىت قاۋاپ

قېنىم ئاقار ۋۇجۇدۇمنى قامچىلاپ.
چاچلىرىمدا بىر كېچە
ئاقىرىدۇ تاڭغىچە،
گۈل كۆتۈرۈپ ئاڭغىچە
ئۆتۈپ كېتەر دېرىزەمدىن سۆيگۈ پەسلى ئالدىراپ.
ئاھ، خۇدا
مەن جۇدا!...
غىرىبمەن ئاھ، نىچۈن دائىم ئۆلۈپ كەتكەن سەنەمدە
جېنىمنىڭ بىر غۇنچىسى پورەكلىگەن ئەجەمدە
كارۋات كىشنەر، گۈلدۈرلەيدۇ سۈكۈنات
ماڭار تامدىن مۇئەللەقكە ئۆلۈك ئات ...
ئۇزاق ياشاپ
نە قىلارمەن چېكىپ بۇنچە كۆپ ئازاب؟
...
يىراقتا يىراق
يىراق، بەك يىراق
ئۆچمەس ئەبەد يۈرەكتىكى ئوت ـ پىراق.
ئاھ، خۇدا
مەن جۇدا!...

2011 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇن. خوتەن

## گۈگۈم يىغلار قارا تاشقا

گۈگۈم يىغلار قارا تاشقا
ناخشا ئېيتىۋېتىپ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشقا
ئۆمرى تۈگەر، ئۆلۈم تۈگەپ
كېپەن ياپار قەلبىدىكى قۇياشقا...
يۇمشاق
يۈرەكتىنمۇ قاتتىق تۇپراق
ئوتنىڭ تاجى قىزىل.
ۋارقىراشلار ئەجەل ئالدىدا
قەتئىي ھەمدە ئۈزۈل - كېسىل...
سۇ كېلەر
سۇ كېلەر
ئېگىز بولسۇن جىنازىمىز
ئېگىز بولسۇن ...

2011 - يىلى 12 - ئىيۇن. خوتەن

www.uyghurkitap

# بىمارىستان

چۈشلىرىم كۆزلىرىمدە خىرە ـ شىرە
ئاق جىنلار دۈپۈرلىشىپ بىرە ـ بىرە
قارا جىن كىرپىكىمگە سالار گىرە
سۇ دەشتىدە
يۈگۈرەر قۇرۇپ كەتمەك ئۈچۈن توغراق
ئوت شەھىرىدە
لاۋۇلدار ئۆچۈپ كەتمەك ئۈچۈن دوزاخ..
باياۋان قەلبىدىكى تۆگىلەڭ
ئەتلەستە يىپىنىڭ شامال ئۇرار لەڭ
بىر ئايال ئۇنىڭ ئۆلۈم كارىۋىتىدا
بىر كارىۋات ئۇنىڭ ئايال تۆشۈكىدە
گاھ ئايال، گاھى ئۆلۈم، گاھى كارىۋات
ھەممە ئۆلۈم بىرلا كارۋات
ھەممە ئايال بىرلا ئۆلۈم
مەينەت ئۆلۈم، سىسىق ئۆلۈم،
تىنجىق ئۆلۈم، ئىسسىق ئۆلۈم
دۆۋە ـ دۆۋە، قاتار ـ قاتار، جىق ـ جىق ئۆلۈم
ياسايدىغان رەزىل ھايات!

2011 ـ يىلى 13 ـ ئىيۇن. خوتەن

# كۆزلىرى قاپقارا خىلۋەت بىر بۇلاق

كۆزلىرى قاپقارا خىلۋەت بىر بۇلاق
ناخشىدەك ھەسرەتلىك، گۈلدەك خۇش پۇراق
چۈشلىرى تالۇ تال كىرپىكلىرىدە
بارمىقى ئۆلۈمنىڭ ئېتەكلىرىدە
رىشتىسى سۆيگۈنىڭ چىلتەكلىرىدە
بىر جانان
گۈگۈمنىڭ تۇمانلىق پىيالىسىدە
مەي ئىچەر يۇلتۇزدەك مۇڭلۇق جىمىرلاپ...

قايسى ئىت قاۋىغان ئاسماندىكى ئاي؟
قەلبىمدە كوچىغا چىقتى بىر ئايال
ئاھ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن شامال
بىر جۇل - جۇل دىۋانە، بىر جۇل - جۇل خىيال...

ھېچقانداق ناخشىنىڭ بولماس ئاخىرى
ئاخىر، بولماس ھەم ھېچقانداق ناخشا.
قەبرىلەر ئەسلەيدۇ؛ ئۆلۈكلەر بىلەن
بىنا بولغان قەبرىستان
ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان دۇنيا!...

2011 - يىلى 14 - ئىيۇن. خوتەن

# مېنىڭ دەريا بولغان مەلىكەم


مەيدە تۈكۈم مەجنۇن سۆگەتتۇر،
بۇرۇتۇمدا سارغايدى ئاياز.
مەست باھارنىڭ چېچەكلىرىدە
تامدىن، تامدىن ئارتىلماقتا ناز.
ئېشەك ھاڭراپ ساددا تەبىئەت
ئىشتىنىنى سالدى ھاياجان.
ئاھ، قاراڭغۇ بارماقلىرىمدا
سايراۋاتقان خۇمارلىق جانان!

قەلبىمدىكى ئايدىڭ كېچىدە
يارغا قاراپ بولدۇم يالىڭاچ.
سۆزلەر ئارا ئۆلدى دەسسىلىپ
شېئىرلاردا بولغاندا قاچ ـ قاچ.
چاچلىرىنى قىرغاققا ئاتتى
ياشلىرىنى ئۈنچىدەك چاچتى
مېنىڭ دەريا بولغان مەلىكەم...

قاق ـ قاق! قىلىپ سايرىدى كۆڭلۈم
گۈللەپ كەتتى جىگدە چېچىكى.
تولدى خازان ھەسرەتلىرىگە
مەست بوپ قالغان گۈلنىڭ ئېتىكى.

تۆشۈك تامنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم
كەلمەيدىغان جانانىنى كۈتتۈم.
شاماللارنىڭ قولياغلىقىدا
دەرەخلەرنىڭ يېشىنى سۈرتتۈم.
ئۆلۈم كەلدى! دېدى مۇھەببەت
بارماقلىرىم تىزىلدى رەت ـ رەت...

2011 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن. خوتەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# بىر غېرىب ناخشىدىن كېيىن

ئاھ ئۇرۇپ بىر غېرىب ناخشىدىن كېيىن
دەۋرىگەن سۆكۈنات قۇيۇلدى جامغا.
سېغىنىش ئىلكىدە ئۇزىغان دەملەر
ئايلاندى ھەسرەتتە ئاقارغان تامغا.

مېنىڭ بىر مۇقامدا تۆگمەس دەردىم
گۈل توزۇپ، بۇلبۇلغا يەتكىچە ئەجەل.
كۆڭلۈمنى چۆللەردە يېتىلەپ يۈرۈپ
مۇساپىر بورانلار توۋلايدۇ غەزەل.

مېنىڭ بىر ئۆلۈمدە لىق ھاياتىمنى
ئىچمەكتە يارىمنىڭ بويىدىكى دار.
مەن دارغا ئېسىلىپ ياشىسام يەنە
ئاھ، ماڭا نە ئۆلۈم، ئاھ نە ئىختىيار...

ئاخىر بىر چۈشتە ئويغىنىپ كەتتىم
ھېچكىم يوق ئايالنىڭ قەلبىدە كارىۋات.
كارىۋاتتا يالغۇزلۇق يامان ھەممىدىن
ئەي ئايال لېۋىڭدىن بىر ئاپقۇر ئۇزات!

2011 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇن. خوتەن

# كىم مېنى ئاشىق دەر جۇلدۇر كېپەندەر

مېنى كىم ئاشىق دەر جۇلدۇر كېپەندەر
كېچىسى تېنىمدىن زېرىكىپ كەتتىم.
كېپىنەك چۆشىنى كۆردۈم چىمەندە
كۆڭۈلنىڭ چۆلدە ئېزىقىپ كەتتىم.

مېنى كىم شائىر دەر ئاتەش نەپەستە
ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە كەتتىم تۆكۈرۈپ.
ئۆلۈمسىز ياشماق تىراگېدىيە،
ئۆلۈمدىن ئۆلۈمگە ماڭدىم يۈگۈرۈپ.

مېنى كىم ئادەم دەر خۇداسى ئۆچۈن
قويمىغان قەلبىدە زەررىچە گۇمان.
ئۆزىنىڭ ئۆزىدىن جۇداسى ئۆچۈن
ئەيلىگەن ئالەمنى بۈيۈك قەبرىستان.

مېنى كىم كىم دەر ھەم مېنى كىم دېمەس
تۆگەمنى يېتىلەپ يۈرسەم خوتەندە.
ئەبەدىي ياشاشقا باغلىدىم ھەۋەس
توختىماي ئۆلەرمەن شۇڭا ۋەتەندە!

2011 ـ يىلى 18 ـ ئىيۇن. خوتەن.

# يار قىلىچىنى يالىڭاچلاپ

يار قىلىچىنى يالىڭاچلاپ
چۈشتى كۆڭۈلدىكى ئاسماندىن.
بىرىنى سۆيۈپ ئۆلەي دېگۈچە
بىرى ئۆلۈپ تەندىكى جاندىن.
جەننەت، دوزاخ ئارىسىدىكى
كېتىۋاتقان كارۋاندىن...
كۆزلىرىدە ئۆركۈگەن ئاھۇ
قېچىپ يۈرگەن ئاھۇ پىغاندىن.
كىرپىكىدە قاراڭغۇ قوشاق
شىلدىرلىغان غېرىب ئورماندىن...
كېلەر دائىم
يار قىلىچىنى يالىڭاچلاپ


2011 - يىلى 19 - ئىيۇن. خوتەن

## تېنىمدىكى ئاسماندا چاراقلايدۇ يۇلتۇزلار

تېنىمدىكى ئاسماندا چاراقلايدۇ يۇلتۇزلار
تېنىمدىكى تۇپراقتا يوكۇنىدۇ قەبرىلەر
تېنىمدىكى ئۆيدە بىر ئايال
ئولتۇرىدۇ مېنى كۈتۈپ ھەر كۈنى...
ئاخشام
چۈشۈمدىكى كارىۋاتتا سۆيدۈم ئاشۇ يارنى مەن.
ئۇنىڭ ئۆلۈم تەشنىكىدە غۇنچىلىغان تېنىمنى
ئۈزۈۋەتتىم
ئۈزگەن كەبى كۈي ئەۋجىدە ئاھ ئەسەبىي تارنى مەن.
...
تېنىمدىكى يايلاقتا
مۆرەۋاتقان كالىلارنى، مەرەۋاتقان قويلارنى
ھاڭراۋاتقان ئېشەكلەرنى، كىشنەۋاتقان ئاتلارنى
باقار يارىم تېنىدىكى يايلاقتا...

2011 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇن. خوتەن

تۈنيفوز كىتاب تورى www.uyghurkitap



# گۇگۇم گەمسىدە يوچۇن ئاشىق

قانلار چاراقلار ئەسلىمىلەر گۆرۈستانىدا
ئۆلگەن ئاۋازلار ئەتىرگۈل بەرگلىرىدەك تۆكۈلەر مەيىن
خازان بۇ يۈرەك
دەسسە تەقدىر، چەيلە كېلىچەك..
ئەجەل قانات قېقىۋاتقان روھىمدىكى ئېگىز ئاسماندا
چاقماق جۈۋىسىنى قاققاندا،
يورۇپ دالىدىكى مۇساپىر ۋەتەن
غەزەپ ۋە قورقۇنچىنىڭ بىر تال چوغى يېلىنجىغان ۋىجداندا،
سەرسان يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرىدە ئېزىققان يوللار
كېچە قوينىدا ناخشا ئېيتقاندا...
سۇنۇق كۆڭلۇمنى قۇچاقلاپ
بۇ ئۇزاق چۆلنىڭ مەيلىگە قايسى دەريانى كېلىمەن باشلاپ؟
ئاھ، ئۇلۇغ ئەفسانە:
سۆيگۈ ئىچرە قۇل بولماق كېرەك!
زەھەر قاچىسىنىڭ تېگىدىكى شەربەتتەك
قىلىچ بىسىدا پورەكلەپ ئېچىلغان رەيھاندەك
خوش! دېگەن سۆزدىكى ئەبەدىيلىك چاقىرىق كەبى
قانداق ئۇلۇغ بۇ مۇھەببەت
ياشايدىغان ئاشىقلارنىڭ نەپرىتىدە؟!

2011 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇن. خوتەن

## كۆكلەم قاقسا جۇۋىسنى دېرىزەمنىڭ ئالدىدا

ئاھ، ئاسمان
نېمە دېگەن ئېگىز ئىمارەت؟
يۇلتۇزلارنى كىم چاچقان
ئۈنچە ـ مارجان، تەسپىي جاۋاھىر،
قېنىمدىكى ئەرۋاھ كوچىدا
كېتىۋاتقان مۇساپىر.
قاقسا كۆكلەم جۇۋىسنى دېرىزەمنىڭ ئالدىدا
چېچەك ئاچسا روملىنى كىرپىكىمنىڭ ئۇچىدا
مەن نېمىشقا كەتمەيمەن
قۇمنىڭ تۈكلۈك ئالقىنىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرياغا؟
ئۇلۇغ ئۆلۈم ئېقىنلىرىدا
ئېقىۋاتقان غېرىب بېشىمنى،
باغرىمدىكى مۇھەببەتتە
يىغلاۋاتقان قارا تېشىمنى...
مەن نېمىشقا قىلمايمەن سوۋغا
روھىمدىكى قاراڭغۇدا يالقۇنلىغان خۇداغا؟!

2011 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇن. خوتەن

# چۈشۈمنىڭ تۈگۈلۈكى ئاسمان

(غەزەللەر)

1

كۆزلىرىڭنىڭ زۇلمىتىدىن پارلىغان ئاسمان بىلەن،
كىرپىكىڭنىڭ چۆللىرىدىن قايتمىغان كارۋان بىلەن.
چۈشلىرىڭنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدىگەن ياپراق ئىلە،
چاچلىرىڭنىڭ بۇلبۇلى شاد سايرىغان بوستان بىلەن.
گاھ قەلەندەرنىڭ باياۋان قەلبىدىن ئوتلاپ شاراب،
گاھىدا تەن ئىشتىياقى قىينىغان ھايۋان بىلەن.
لەۋلىرىڭدىن تۇزۇغان گاھ باغۇ ـ ئەييامدىن بىيت،
ئاشىقنى مەشۇقىدىن ئايرىغان داستان بىلەن...
مەن ئۆلۈپ كىرسەم جىنازاڭغا سىنىڭ مېھمان بولۇپ،
ئولتۇرۇپسەن جان ئىچىدە سەن تېخى ھىجران بىلەن.

2

كۆزۈڭنىڭ قاپقاراسىغا بىغۇبار يىغلاپ،
چېچىڭنىڭ تال ـ تالاسىغا بىقارار يىغلاپ.
ۋۇجۇدۇڭ شاخىدا ئاسمان چېچەك ئاچسا،
يىراقلىق يۇلتۇزى ئاندا زارۇ زار يىغلاپ.
قاچانكى بىر چىمەنزاردا ئۆلۈپ قالسام،

سىنى مەن گۈلچىمەن ئەيلەپ لالە ـ زار يىغلاپ.
گۆرۈمدە ھەر كېچە تەمبۇر چېلىپ شۇندىن
ئۆلۈكلەر قەۋمدە تەنھا ئىنتىزار يىغلاپ.
جاھاندا ئول مېنىڭ ناخشام ـ مۇھەببەتتۇر،
ئۆتەرمەن نەزمە ـ داستاندا يارىيار يىغلاپ.

3

مېنىڭ ئاسماندىكى تۇپراق يىراقىمنى،
مېنىڭ جەننەتتىكى دوزاخ پىراقىمنى.
نىتەيكى قاپقاراڭغۇمەن قۇياش يەڭلىغ،
پىلىلداپ ئۇندىكى زۇلمەت چىراغىمنى.
يۈرۈپ مەن ئىككى ئالەمنىڭ ئاراسىدا
مىنىپ تەن ھەمدە جانۇ ئات ـ ئۇلاغىمنى.
يېزىپ خەت مەن سۆڭىكىمگە شامال بىرلە
كۆمۈپ قۇم تەكتىگە كەۋسەر بۇلاقىمنى.
ئايا، مەن ئۆلگىلى كەلدىم دېگەن ئىنسان،
ئۆلەرمەن ئاخىر ئىزدەپ قوناقىمنى.

4

مېنى كىم دەر قەلەندەر مەن ئۇنىڭ شاھى
مېنى كىم دەر ئۇ گۇمراھ، مەن ئۇنىڭ ماھى.
ئۆلۈمسىز قويمىسا تەڭرىم ھاياتىمدا
ياشارمەن ھەر كۈنى مەن ھەم ئۆلۈپ گاھى.
تېنىمنىڭ ئەۋۋەلى تۇپراق، يەنە تۇپراق
جېنىم ئوق بولسا ھەم نەدۇر ئۇنىڭ جايى؟
مېنىڭ ئاسماندىكى يەردە ئۆيۈم بولسا
ئۇ ئۆيدە ئۇخلىسام، ئۆينى بۇزۇپ گاھى...

غوجى ئەي... ئەمدى نەزمەڭدە ئۆزۈك بولما،
ئۆزۈك بول نەزمىنىڭ سەن نالىسى، ئاھى.

5

يۈزۈڭمۇ سىپھىردىن ئەپسانىگە ماڭغان؟
كۆزۈڭمۇ قۇياشتىن ئەپسانىگە ماڭغان؟
زىناقىڭ بىر كۇلۇپ گۈل بەرگى قان ـ قان،
بۇلبۇلمۇ پەرىشان گۈلخانىگە ماڭغان؟
لىۋىڭدىن ئۇچماقتا مەست كېپىنەكلەر،
لىۋىمۇ لىۋىڭدىن مەيخانىگە ماڭغان؟
چانايدۇ كىرپىكىڭ جادۇ ـ قىلىچنى،
جىنىڭمۇ تىنىڭدىن غەمخانىگە ماڭغان؟
لەپىلدەر ۋۇجۇدۇڭ جەڭگاھتا تۇغدەك
ئاشىقلار داد ئېيتىپ ئاستانىگە ماڭغان؟!

6

كېچە بىر غەم ئىلە ياتسام جانان پەيدا،
مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمغا ئاشىيان پەيدا.
چۈشۈمنىڭ كارىۋىتىدا گۈل كەبى شوخ ـ شوخ،
قىلىپ ناز، ناز ئىلە شاد ـ شادىمان پەيدا.
كۆزىدە بىر قارا دەريا ياسار ئۆركەش،
بورانلىق كىرپىكى ھەم ناگىھان پەيدا.
مۇقامىنىڭ مەرغۇلى ئۇندا قەلەندەرمىش،
ئۇنىڭ ھەر نالىسىدىن يەر ـ جاھان پەيدا.
ئاۋۋال سۆي يارنى سەن، ئاندىن خۇداۋەندە
قىلۇر ئىشق ئوتىدىن سەندە ئىمان پەيدا.

7

جىنىم بىر ، مەن بىراق ئىككى ئۆلەي دەيمەن،
جىنىمنىڭ جاڭگىلىدا مەن يۈرەي دەيمەن.
چىقسىپ جان كۆزلىرىم زۇلمەت بولار چاغدا
سىنىڭكى نۇر جامالىڭنى كۆرەي دەيمەن.
سۆيۈشلەر ئەۋجىدە ئاسمان ئېگىلگەندە
لېۋىڭدىن بارچە يۇلتۇزنى ئۈزەي دەيمەن.
گۈلۈڭنىڭ غۇنچىسىغا مەن بولۇپ بۇلبۇل
پىراقتىن مەي ئىچىپ قەھ ـ قەھ كۈلەي دەيمەن.
ئايا جان تەندەدۇرسەن كى، سېنى ئىزدەپ
چېكىپ ئاھ، دەشتى ـ چۆللەرنى كېزەي دەيمەن .

8

جىنىمنى بەرگىلى ئاھ، بىر جانان يوق ـ يوق،
جانانغا ئۆزگە ھەم ھېچ ئىمتاھان يوق ـ يوق.
ئۆلۈپ مەن ھەر كۈنى يار قەلبىگە كەلسەم
ئۆزى بارۇ، يار ئۇندا ھېچقاچان يوق ـ يوق.
كۆزىدە يەتتە ئاسماننىڭ قاراڭغۇسى،
يۈزىدە مىسلى ئاپتاپ مېھرىبان يوق ـ يوق.
مۇھەببەت! دەپ ئۆلۈكلەردىن كېلەر پەرياد،
تىرىكلەر ئالمىدە ھېچ زۇۋان يوق ـ يوق.
ئايا ئۆل، جان ئىرۇر ھېجرۇ ـ پىراق يارغا،
جېنىڭدىن كەچمىگۈنچە ئۇ ھامان يوق ـ يوق.

9

يۈزىنىڭ يەتتە قات ئاسمان يىراقىدا

www.uyghurkitap

كۆزىنىڭ قاپقارا چولپان چىراغىدا،
ئايا جان داد ئېتىپ كەتتى جەسەتلەرگە
ئەجەلنىڭ جەننىتى رىزۋان ئۇلاقىدا.
چۈشىنىڭ ياپرىقى ئۆكسەر دېرىزەمدە،
كۆيەر كۆك سۆيگۈنىڭ پىنھان بۇلاقىدا.
بولۇپ چۆل سايرىغاي كۆڭلۈم ناۋا ئەيلەپ،
تۆكۈپ ياش خەستە گۈلنىڭ قان زىناقىدا.
ماڭارمەن ھەر كۈنى، يارغا ئۆلۈپ ئاز - پاز
تېنىمدە قالمىغۇنچە جان پىراقىدا.

## 10

ۋۇجۇدۇم ئىچرە بىر قۇلدەك ياتار بولسام،
ئۆزۈمنى يارغا مەن يۈزمىڭ ساتار بولسام.
جېنىمنى ئالسا جانان دەپ نىدا ئەيلەپ،
نىتەي، ئاياغىغا جاننى ئاتار بولسام.
جىنازام كەينىدىن ماڭغان ئۆلۈكلەرنىڭ
جۇدالىق زارىنى كۈيگە قاتار بولسام.
دۇتار باغ خىلۋىتى، تەمبۇر باياۋاندىن
ناۋا قىپ كەلسىلەر، مەن ھەم ساتار بولسام.
ئايا ئول چۆل خوجا، ئاندىن قەلەندەررەك،
قىزىل گۈل بولسا بۇ چۆلدىن تاپار بولسام!

2011 - يىلى ئىيۇن. خوتەن

# بىر غۇنچىنىڭ سەھرى

كېچىنىڭ يۈزىدىن يىرتىلىپ رومال
سەھەرنىڭ كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرار.
شەبنەملەر ئىچىدە بىر ساھىبجامال
ئويغاندى ئاھ خۇدا، ئاھ پەرۋەردىگار...

ئاھ ئۇنىڭ كۆڭلىكى ھال رەڭ قان بىلەن
شىرىلداپ ئاقىدۇ ھاياجان بىلەن.
لەۋلىرى يۇمۇلغان شاراب قاچىسى
شىۋىرلاپ سۆزلەيدۇ: سۆيگۈ ـ ئىبھ ۋەتەن!

تاراقلاپ كېلىدۇ ئۆلۈم ھارۋىسى
ۋاراقلاپ قايىنايدۇ ئىشقى ـ مۇھەببەت.
ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغاندا غۇنچە
سەھەرنىڭ زۇلمىتى ـ ئۇنىڭ تەقدىرى...

2011 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇل. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

## قارىشىپ تۇرغاندەك ئىككى ئەينەك

يىغلاپ تۈگىدى ھەسرەتلىك ناخشا
مەجنۇن شاخلىرىمغا ئېسىلىپ يىغلاپ.
يېشىلدى چۆللەر مەستلىكتىن
ئىشق ئازابى ئېيە، ئېسىل شاراب!

قولۇم قوللىرىڭدا دىۋانە بولدى،
لېۋىم لەۋلىرىڭدە تەركى دۇنيا.
تېنىم تېنىڭگە قەلەندەرخانا،
جېنىم جېنىڭغا گويا ئۇقيا...

قارىشىپ تۇرغاندەك ئىككى ئەينەك
بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل،
قەلبىڭگە بىر قەدەم قالغاندا، ئاھ
تۈگەپ قالدى سۆيگۈدىكى يول.

2011 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇل. خوتەن

# تاراسلاپ چۈشسە يامغۇر دېرىزەمگە

تاراسلاپ چۈشسە يامغۇر دېرىزەمگە
ئەينەككە ئېچىنىمەن، ئېچىنىمەن.
كۆڭلۈمنىڭ بۇلۇت باسقان ئاسمىنىغا
بىر گۈزەل ھەسرەت بىلەن تىكىلىمەن.

ئۆلۈمنىڭ ئەينەكتىكى ئاۋازىدەك
تاراسلاپ چۈشكەن چاغدا ھەر تامچىسى،
تولغىنىپ كېتەر جېنىم پەرياد ئۇرۇپ
تەگكەندەك ۋۇجۇدۇمغا يار قامچىسى.

بۇ قامچا جەننەتتىكى يىلانمىدۇ،
بۇ يىلان مۇھەببەت ئاھ، دوزاخ سۈپەت؟
مۇھەببەت دوزىخىدا كۆيۈۋېتىپ
يامغۇرغا تەشنا بولغان غېرىب جەسەت؟!

جەسەتنىڭ قەلبىدىكى قەبرىستاندا
باقمەن بۇلۇت باسقان ئاسمانغا مەن.
ئاھ نېچۈن يامغۇر ياغماس، يار ئىشقىدا
كۆيۈپ، كۆيۈك تۇپراق بولغان ئىنسانغۇ مەن؟!...

2011 ـ يىلى 12 ـ ئىيۇل. خوتەن

تۈيغۇز كىتاب تورى www.uyghurkitap

## ئاھ يەكەن دەرياسى، قاراقىغۇ كىچە

ۋارقىراپ، ۋارقىراپ يەكەن دەرياسى
ئاقماقتا قاپقارا تۈك باسقان ھەۋەس.
مەن ئۇندا يايرىغان تەكلىماكانمۇ،
سۇ مېنى سىلىغان ئۆلۈممۇ ئەمەس؟...

سۇ بىلەن ھاياتنىڭ، سۇ ۋە ئۆلۈمنىڭ
ئاسمانغا ئېچىلغان دەرۋازىسى بار.
يار دېگەن ئايالنىڭ يالىڭاچ تېنى
قاراقىغۇ كېچىدە نۇر چېچىپ تۇرار.

ئۇ ياندا چوغلاننىڭ سۇ ئارغامچىسى
باغلايدۇ دەريادا ئاققان ئايالنى.
بۇ ياندا تۇراپچان سلاپ ئولتۇرار
ئايدىڭدا يالىڭاچ بولغان خىيالنى.


تەنھايى سورايدۇ يوق بېلىقلاردىن
سۇ سۇغا ئەگىشىپ بارار قەيەرگە؟
ۋەتەننىڭ بىر قىزدىن كىيگەن كۆڭلىكى
يىرتىلار مەشرەپتەك قايسى شەھەردە؟!


مەن دارغا ئېسىلسام دېگەن شائىرنىڭ
قەلبىدە يار دېگەن سەلتەنەتلىك دار.

ئۇ شېئىر يازغاندا ئۆلۈپ ئولتۇرۇپ
مىڭ قىزنىڭ قەلبىدە ھايات لەڭ ئۇرار.

ئاھ يەكەن دەرياسى، قاراڭغۇ كېچە،
دەھشەتلىك مۇقامدەك ئاقماقتا ئاستا.
بەش جەسەت ئۆلۈمدىن ئالماقتا لەززەت
شېئىرنىڭ قەدىمكى قەبرىستانىدا.

2011 ـ يىلى 26 ـ ئىيۇل. خوتەن





## كىمنىڭدۇر كۆڭلىنى تىلەپ ئىشكتە...

كىمنىڭدۇر كۆڭلىنى تىلەپ ئىشكتە
ئولتۇرغان دىۋانە كۆڭلۈم ئۈچۈن...
ئاداققى نەپرەتلىك خەير ـ خوش! دېگەن
جېنىمنى قاخشاتقان سۆزۈم ئۈچۈن...

قەبرىدىن ھەسرەتلىك ئۆلۈم ساداسى،
ھاياتتىن خۇش پۇراق گۈلشەن ئۈچۈن...
روھىمنىڭ ئايازلىق سەھرالىرىدا
پىيادە كېتىۋاتقان ۋەتەن ئۈچۈن...

بۆرىنىڭ چۈشىدەك قىز كېچىسىدە
شاد ـ خۇرام يىرتىلغان ئاۋاز ئۈچۈن...
ئالتۇن قەپەستىكى قۇشنىڭ كۆزىدە
ئاسماننى يىغلاتقان پەرۋاز ئۈچۈن...

شېئىر! دەپ يىغلىسام ئۇزاق تۈنلەردە
دەردىمنى ئۇلغايتقان خۇدا ئۈچۈن...
ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە ماڭسام خەير، دەپ،
قەلبىمدە ياڭرىغان ۋىدا ئۈچۈن!...

2011 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

## جەنۇبتا مۇھەببەت ئارتىدۇ ياغلىق

ئۆزۈمنى دەردىڭدە قىيناپ ياشىدىم،
لېكىن سەن يىغلىدىڭ مېنىڭدىن ئاۋۋال.
يامغۇرغا بەرمىگىن قولياغلىقىڭنى،
ئەزەلدىن بولۇتقا ئۆكۈنمەس شامال.

يالىڭاچ يۈرسىمۇ شېئىردىكى قىز،
جەنۇبتا مۇھەببەت ئارتىدۇ ياغلىق.
ساناقسىز ئەمچىكى تەكلىماكاننىڭ
ئاسماننى ئېمىتىپ بولۇشى چاغلىق.

باھاردىن يىراقتا ئۆلمەن چوقۇم،
شۇندىمۇ قەبرەمدە ئۈنەر قىزىل گۈل.
قويۇپ قوي، ئۆيۈڭگە كەتمىگىن ئېلىپ
سەن يۈرگەن يوللاردا ئۇچرىسا كۆڭۈل.

2011 ـ يىلى 25 [illegible] . . خوتەن



ـ ىاوعوسب

# مۇھەببەت ھەممىدىن قاراڭغۇ كېچە

بۇ شەھەر زېمىندىن كەتمەكتە قېچىپ
بىنالار ئاسمانغا ماڭغاندا خۇشال.
مېنىڭكى بىمەنە تەسەۋۋۇرۇمدا
ئايالار ــ ماشىنا، ماشىنا ــ ئايال.

مۇھەببەت ھەممىدىن قاراڭغۇ كېچە،
چۈشلەرگە لىق تولۇپ كەتسىمۇ كارىۋات.
گوياكى ئەڭ سوغۇق جەسەتخانىدا
ئاخىرقى بىر چوغنى پۈۋلەيدۇ ھايات.

ئېلىپ كەت تېز پويىز بېيجىڭغا مېنى،
بۇ شەھەر مەندىنمۇ ئۇزاق ياشىماس.
قەلبىمنىڭ قەدىمكى تاغلىق كەنتىدە
تاڭ ئاتار ھەر كۈنى جىمجىت ۋە تىمتاس...

2011 ــ يىلى 26 ــ ئاۋغۇست. خوتەن

## بىچارە كۆلكەمدىن چېقىلدى ئەينەك

بىچارە كۆلكەمدىن چېقىلدى ئەينەك،
كۆز يېشىم دولقۇنلۇق تارىمغا گۇۋاھ.
ئۆلۈمنى ۋاراقلاپ بىر بەت ـ بىر بەتتىن
ياشىسام، شائىر بول! دېگەنغۇ ئىلاھ!

يۈرىمەن ئېزىقىپ قىز كېچىسىدە،
تالڭ ئاتار قاچانمۇ شايى رومالدىن؟
جېنىمنى ساناپ مەن بىر تال ـ بىر تالدىن
ئۆلىمەن قاچانمۇ ئېزىپ خىيالدىن؟!

قەدىمكى بىر كۆنى كەتكەن كېلەچەك
قىيا بىر قايرىلىپ باققانچە ماڭا.
مېڭىپ مەن ھەر كۆنى ئارقامغا قاراپ،
ئېيت تەڭرىم، قاچانمۇ يېتىمەن ئاڭا؟...

بىر سوغۇق نىگاھتىن ئەندىكىپ كەتتىم،
ئۈستۈمدە پەرىشان نۇر چاچار قۇياش.
ئاخىر بىر مېتىر يەرلىك ئۆچۈنمۇ
بۇ يارسىز ئالەمنى قۇچاقلاپ ياشاش؟!

2011 ـ يىلى 26 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

توپتوپ كىتاب تورى
www.uyghurkitap



## تونۇش بىر ئۆلۈمنى قالدىم ئۇچرىتىپ

تونۇش بىر ئۆلۈمنى قالدىم ئۇچرىتىپ،
تۇتتۇم مەن قولىنى، باشلىدىم ئۆيگە.
ئېلىپ ئۇ قوينىدىن يوق بىر كىتابنى،
ئوقۇدى: ھاياتنىڭ مەنىسى ـ ئۆلۈم!...

تونۇش بىر ناخشىنى قالدىم ئۇچرىتىپ،
تۇتتۇم مەن قولىنى، باشلىدىم ئۆيگە.
ئېلىپ ئۇ قوينىدىن چالدى بىر سازنى:
ناخشىنىڭ مەنىسى ـ ياردىن ئايرىلىش!...

تونۇش بىر ئايالنى قالدىم ئۇچرىتىپ،
تۇتتۇم مەن قولىنى، باشلىدىم ئۆيگە.
دېدى ئۇ لېۋىمگە سۆيۈپ تۇرۇپ، ئاھ:
سۆيۈشنىڭ مەنىسى ـ ئەر بىلەن ئايال.!..

تونۇش بىر تەقدىرنى قالدىم ئۇچرىتىپ
تۇتتۇم مەن قولىنى، باشلىدىم ئۆيگە.
چەكسىز دەرد ـ ھەسرەتتە بېشىنى ئېگىپ
دېدى ئۇ: ئادەمنىڭ مەنىسى ـ تەقدىر!...

تونۇش بىر شېئىرنى قالدىم ئۇچرىتىپ،
تۇتتۇم مەن قولىنى، باشلىدىم ئۆيگە.

ئالدى ئۇ قەلەمنى، يازدى بىر مىسرا:

..............................

چۈمۈلۈپ قاتمۇ ـ قات مەنىسىزلىككە.

ئۇچرايدۇ ھەر كۈنى تونۇش ـ بىلىشلەر،
تۇتۇپ مەن قولىنى، باشلايمەن ئۆيگە.
سۆزلەيدۇ مەنىسىنى زوق بىلەن ئۇلار،
تاكى
قالمىغۇچە زەررىچە مەنە!...

2011 ـ يىلى 28 ـ ئاۋغۇست. خوتەن



# ئەرشتىن ساڭگىلاپ تۇرار يالغۇزلۇق

ئەرشتىن ساڭگىلاپ تۇرار يالغۇزلۇق،
زېمىندا ئۇزاققا سوزۇلغان ئازاب.
گوياكى مەڭگۈلۈك ئەر بىلەن ئايال
مۇھەببەت ھەققىدە يېزىلغان كىتاب...

بۇ كىتاب سۇ بىلەن يېزىلغانمىدۇ
قاغجىراپ كەتكەن بىر دەريا بويىدا؟
بۇ كىتاپ قان بىلەن يېزىلارمۇ يا
ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ جەڭگاھ تويىدا؟

سورايمەن سۆيگۈنىڭ مەنىسىنى مەن،
يالغۇزلۇق ئىچىدە تەڭرىمگە قاراپ.
پەنجىرنى چەكمەڭلار يېرىم كېچىدە
بىر ئايال قەلبىمدە تۇرار ئوت قالاپ.

2011 ـ يىلى 8 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن

## چۈنكى بۇ شەھەردە سۆيگۈ بىر سەنئەت


كېزىپ مەن ئادەملەر ئورمانلىقىنى
بىر غېرىب بۆرىدەك ھۇۋلىدىم رەتمۇ رەت.
مۇھەببەت ھالاكىتۇر خۇشاللىقىدا،
چۈنكى بۇ شەھەردە سۆيگۈ بىر سەنئەت!

نەدە بىر سۇيۇق تەن، نە بىر ئۈزۈك جان،
قىستالغان، چىڭقالغان، يىرتىلغان ۋەرت ـ ۋەرت.
ناخشىغا ئايلانغان قەبرىلەر ئارا
شىئىردىن يۆگۈرۈپ كەلگەن بىر جەسەت.

ئاھ خۇدا، ئۆلۈمسىز قالغاندەك گويا
نە ئازاب ياشاشنىڭ مەلۇم بىر كۈنى؟
ئاڭلىدىم بىر گۈزەل ناخشىدەك تەكرار
ئىچمەدىن ياڭرىسا ئۆلۈمنىڭ ئۈنى...

2011 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



# ئەي مېنىڭ تېگىمگە يەتكۈچى جانان

قەلبىنىڭ تېگىگە يېتىدۇ پىراق،
دەريانىڭ تېگىدە يىغلىغاندا تاش.
ئەي مېنىڭ تېگىمگە يەتكۈچى جانان،
جۇدالىق ئىچىدە تۆككىن ئاچچىق ياش.

ئالدىڭدا كۆڭلۈمنى يېپىنچىسىنى
ئاچىدۇ باھاردەك خۇش پۇراق ئازاب.
لېۋىڭنىڭ كېپىنەك بوستانلىقىدا
تۇتقىن سەن ئۆزۈڭگە بىر قەدەھ شاراب.

مۇھەببەت ئۆلگەندە بولىدۇ ئادا،
ئۆلۈپ كەت ئەي جانان پەرىشتىلەردەك.
قەبرەڭدۇر گۈللەرگە پۈركەنگەن قات ـ قات
كۆكسۈڭدە سۆيگۈچۈن سوققان شۇ يۈرەك.

2011 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن


## كۈتۈش بىر سەنئەت...

كۈتۈشمۇ بىر سەنئەت كۆيۈپ، ئۆرتىنىپ
نامەلۇم دىلبەرنى ئۈنسىز ـ ئۈمىدسىز.
ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشىلار توۋلاپ
شېئىرغا كىرگەندە شادىمان بىر قىز.

ئۇپۇقنىڭ قاراڭغۇ قىرغاقلىرىدا
ئارمانلار يانغاندا پىل ـ پىل ۋە خىرە.
ئۈمىدمۇ بىر سەنئەت، ئۆلۈك كۆزىدە
قالغاندەك ھاياتنى قانلىق مەنزىرە.

يۇلتۇزلار قۇياشنىڭ ئىزلىرىدۇر ھەم
ماڭغاندا كېچىدىن تاڭغا ئالدىراش،
سەنئەتتۇر ئازابنى ياندۇرۇپ چىراغ
زۇلمەتلىك ھاياتتا نۇر چېچىپ ياشاش!

2011 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن



# يۈرىكىم ئېسقىلىق دەرۋازىلارغا

كۆزۈمدە يۇلتۇزنىڭ يىرىم كېچىسى،
يۈرىكىم ئېسقىلىق دەرۋازىلارغا.
كەتتى ئاھ، جېنىمنىڭ كەينىدىن تېنىم
ئەگىشىپ شامالدەك جىنازىلارغا.

كەتتى ئاھ، جىنازا كەينىدىن كەتتى،
ئۆلۈمسىز قالغاندەك ئۈمىدسىز ئازاب.
ئازاب ئۇ ـ گوياكى گۈزەل بىر ئايال
لېۋىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ شاراب.

كىرپىكى ئالدىدىن تۆگە يېتىلەپ
يەلپۈنەر چۈشىدە سەۋدايى ساقال.
ماكانسىز قالغاندەك ئۆرتىنىپ كەتتىم
چىققاندا تېنىدىن قېچىپ ئۇ ئايال.

دۇنيا، تار قىلمىغىن يارنىڭ قوينىنى،
بىر كېچە قونىمەن، پەقەت بىر كېچە.
قۇياش تاڭلا سەھەردە مېنىڭ
جەسىتىمنى ئېلىپ كەتكۈچە.

2011 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن

## قەلبىمنى سورىما ...

قەلبىمنى سورىما، ئۇ بىر پۇچۇق جام،
شارابلار تۆكۈلدى گۈلنىڭ بەرگىگە.
ھاياتىم كۆن پاتقان قاراڭغۇ كىتاب،
تۆلەيمەن مەن ئۇنى سۆيگۈ قەرزىگە.

كۆڭلۈمنى سورىما، ئۇ بىر دىۋانە،
ئىشكىڭ ئالدىدا تۇرغان نان تىلەپ.
دۇنيانى قۇچاقلاپ تۇرغان قولۇمدا
ئۆزۈمنى قۇچاقلاپ باقسام بىر نۆۋەت!...

سورىما سەن مېنىڭ ھېكايەمنى ھەم،
مۇھەببەت دەردىدە خۇشال بىر ئازاب.
ۋىسالدىن كېيىنكى مەلۇم بىر كۈنى
يول ئالغان مەڭگۈلۈك ھىجرانغا قاراپ!

2011 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن

www.uyghurkitap

## شىشىدىن ساندۇق ياساپ...

يارىمغا شىشىدىن ساندۇق ياساي مەن
ئاز ـ ئازدىن، بىر ئۆمۈر ساقلاپ سۆيگىلى..
كۆزىنى ئاچقاندا ئالەم قاراڭغۇ،
تىرىلگەن چېغىدا ئاھ، مەن ئۆلگىلى..

يارىمغا دەريادىن سۈزەي ساچىنى
ئايدىڭغا ئېسىلىپ ئۆلسۇن تولۇن ئاي...
يارىمغا زۇلمەتلىك يىغلاپ قۇياشتەك
قەبرىنىڭ ئالدىدا بوزلاپ ئولتۇراي...

كۆزىنىڭ ئېقىنى ئاسمان دەيمىكىن،
كۆزىنىڭ قارىسى قاراڭغۇ كېچە؟
بېشىدىن ئايىغىچە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ
يارىمغا يالۋۇراي تاكى ئۆلگىچە.

2011 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن

# پاتىمەمنىڭ كۆڭلىكى

تېنىڭنى چوقۇلاپ قۇياش قۇشلىرى
سەكسەنگە بارغاندا ئازدى ساناقتىن.
كۆڭلىكىڭ يىرتىلىپ تۆگىسىمۇ، ئاھ
سەن كېتىپ قالمىدىڭ سەكسەن ياماقتىن.

سەن كىيگەن كۆڭلەكنى كۆڭلۈممىكىن دەپ
شاماللار چاقمىغان ئەينەك قالمىدى.
ئاياللار يالىڭاچ چىقتى كوچىغا،
ياماقلار دەستىدىن كۆڭلەك قالمىدى.

يېزىلدى كۆڭلەكسىز ئايالالار ئۈچۈن
مۇھەببەت دېگەن بىر قاراڭغۇ كىتاب؛
ئاشىق ـ مەشۇقلار ئايرىلدى ياردىن
ئاھ، تۈنجى سۆيۈشتە باشلاندى پىراق.

مىڭ يىللاپ سەن كىيگەن كۆڭلەكنى بۈگۈن
يامىدىم؛ دەردىم يىپ، ھەسرىتىم يىڭنە...
... سەككىز يۈز... سەككىز مىڭ... تۈگىدى ساناق،
قالمىدى كۆڭلۈممۇ بولغۇدەك ياماق!

2011 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست. خوتەن

www.uyghurkitap

# كۆڭلۈمدە ھىلال ئاي يېرىم يۇملاق

كۆڭلۈمدە ھىلال ئاي يېرىم يۇملاق،
يۇلتۇزلار يىغلايدۇ ناگان ـ ناگاندا.
ئۆرۈلۈپ چۈشمەكتە ھەسرىتىمگە ئىپە،
سارغىيىپ تاملارنىڭ رەڭگى ساماندا.

ئىپسىلغان جەسەتتۇر گويا ھەر كىشى
خىيالدىن ياسالغان يارنىڭ بويىغا.
تىرەكلەر شىلدىرلاپ چالماقتا چاۋاك
ماڭغاندەك ئاخۇنۇم جىنىنىڭ تويىغا...

دەريانىڭ ھەسرىتى تاشتىنمۇ قاتتىق،
نەدىدۇر بىر ناخشا ئۆلەر چىرقىراپ.
ئاداققى سەھرادا مۇھەببەت ئۈچۈن
يۈرمەكتە يۈرىكىم ئىت بولۇپ قاۋاپ!

2011 ـ يىلى 10 ـ سېنتەبىر. خوتەن

# يەتتە ئاسمان ئەينكى

يەتتە ئاسمان ئەينكى
كۆزلىرىمدە چىقلىپ ئاھ، يەتتە تامچە بولمدى.
كۆكرىكمدە دۇم يېتىپ چۆللەرگە ئشقىم بولدى باش،
نالە ـ زارىمدىن پەلەككە بىر پىيالە تولمدى.
يار دىسەم تاغۇ دالالار يۈگۈرۈپ كەلدى ماڭا،
كى ئازاب، دەردۇ ـ بالالار يۈگۈرۈپ كەلدى ماڭا.
دار دىسەم ئارتۇق دىدى ئاھ، ملك غەزەلدىن بىر ئەجەل،
ناز ئىلە ئىھ، دىلرابالار يۈگۈرۈپ كەلدى ماڭا.
كەلدى يار ئۆلتۈرگىلى
نەدىدۇر جان، نەدىدۇر؟...
ئوتقا ئوت كىرگەندىكى سۇمۇرغىمدۇ،
سۇغا سۇ كىرگەندىكى چۆلنىڭ غىرىب دەرۋازىسى.
ياندۇرۇپ گۆردە چىراغ
ئولتۇرار دۇتار چىلىپ ھىجرۇ ـ پىراق
كۆڭلدە بىر ياتقۇدەك كارىۋاتمۇ يوق،
تەننى تۇپراقتىن ياساپ، روھنىڭ ئىغىر جىنازىسى؟!...
قوشقى ئالتۇن سىۋەت
چەللىسدە چاپتۇرار ئات لەشكىرى
نەدىدۇر يار، نەدىدۇر؟!...

2011 ـ يىلى 24 ـ سىنتەبىر. خوتەن

تۈيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



# قايسى چۆلدە قوياي كۆڭلۈمنى

قايسى چۆلدە قوياي كۆڭلۈمنى،
گۈل قاچىسى چىقىلىپ كەتتى.
ئاي مۆكۈندى بۇلۇت كەينىگە،
ئاسمانمۇ ھەم ئىشىكنى ئەتتى.

دەريا بويى مۇڭلۇق لىرىكا،
يار ئىشقىدا تۆكۈلگەندە قان.
قۇچاقلىشىپ ئەر ـ ئايال روھلار،
تەندىن تەنگە ماڭدى قەبرىستان.

ئۆلۈۋاتقان كەبى شېرىن جان
دەھشەت مۇقام بۇ تىمتاس جاھان.
سۆيۈشۈۋاتقان ئىككى لەۋ ئارا
شۇنچە قاتتىق جۇدالىق، ھىجران...

كىم ئۇ ماڭا سۇنغان تاتلىق چۈش
مۇھەببەتنىڭ سوغۇق تونىدە؟
چاقىرىۋاتقان كىم ئۇ ئىسمىمنى
ئەزرائىلنىڭ بوغۇق ئۈنىدە؟!...

2011 ـ يىلى 25 ـ سېنتەبىر. خوتەن

# سۆيگۈ دېگەن گۈزەل جىنايەت

چىلىغاندا بۇلۇتقا ئاسمان
يىغلاش ئۈچۈن كىرپىكلىرىنى،
چاقىرغاندا قىزنى شېئىرغا
ئېچىپ قەلبىم ئىشىكلىرىنى،
چىققان چاغدا تاۋۇتقا يالغۇز
بىرىش ئۈچۈن جەننەتكە ئاتام،
جەننەتتىكى ئېگىز تەختىدە
چاقىرغاندا مېھرىبان ئانام...
يۈرىكىمدە چىراغ ياندۇرۇپ
مىڭ بىر كېچە ئويغاق ئولتۇرۇپ
قىلار ئىدى ھېكايەت،
گۈللەر گۈلگە ئاتقان تاش كەبى
شۇنچە شېرىن، شۇنچە ئەسەبىي
سۆيگۈ دېگەن گۈزەل جىنايەت؛
ھەركىم يارنىڭ قۇچىقىدا يار،
يار قوينىدا يارغا ئىنتىزار.
ئاستا ئۆلۈم، ئاستا مۇھەببەت،
ئايال كارىۋات، ئايال شېئىرلار...
گۈگۈم رەڭلىك تۇمان قاچىسى،
روھىنىڭ قاقاس بۆرە دالىسى.
گۈگراپ ياتقان تەكلىماكان،

قۇچىقىدا ئايىنىڭ بالىسى...
ماشىنىدەك ئالدىراش ئادەم،
بىنالاردەك ئېگىز تەنھالىق.
پۇلنىڭ چەكسىز قىزىل كۆلكىسى،
يوق بىر ئادەم،
يوق بىر رېئاللىق...
تېلېۋىزور خەير ـ خوش دېدى؛
كازافېيىڭ غەمكىن كۆلكىسى
ئەسكە سالدى بىر لادىننىڭ
ئېتىلمىغان ئادەم بومبىسى
ۋە سادامنىڭ غۇلاپ چۈشكەن ھەيكىلىنى...

2011 ـ يىلى 26 ـ سېنتەبىر. خوتەن

# سۆيگۈنىڭ رەسمى يېرتىلغان يۈرەك

قاراڭغۇ ئىشكتىن كىرگەندە گۇگۇم،
قۇياش دەپ باشلىنار كۆزۈمدىكى خەت.
يىغلايدۇ ئۆلۈكتەك تاتارغان تامدا
سۆيگۈنىڭ رەسمى يېرتىلغان يۈرەك.

ئەڭ مىسكىن يۇلتۇزنىڭ كۆز يېشى بىلەن
قەلبىمنى يۇيىمەن تىترەپ ئاھ، تىترەپ.
ئايدىڭدا سۇ تۇتقان قوناقلىقتىكى
بىر قىزنىڭ كۆڭلىكى يەلپۈنەر لەپ ـ لەپ.

ئەسلىمە ئوخشايدۇ كونا چاپانغا
مەن ئۇنى سالمايلا ئۇخلاپ قالىمەن.
كوچىدا ئۇچرىتىپ قالساڭ سەن مېنى
يۈزىنى يۇمىغان ئاشۇ بالىمەن.

2011 ـ يىلى 19 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن



# يۈرەكتىن يۈرەككە توشۇيمەن باھار

مەن ئەسلىي چۆللەرنىڭ كىرپىكلىرىدىن
تۆگە يېتىلەپ ئۆتكەن بىر دېڭىز.
مەن ئەسلىي ئۆلۈكنىڭ كۆزىدىن ئاققان
بىر ئىرىق لاي سۇدا كۆكلىگەن ئېتىز.

ئۆلۈكۈم ئىتلارغا تاماشا بولغان
كوچىدا زىمىستان چالار قوڭغۇراق.
ئىچىمدىن تېشىمغا چىقسام يۈگۈرۈپ
بۇ دۇنيا قەلبىمدىن نەقەدەر يىراق؟

شېئىردىن ئۈركۈگەن جەنۇب قۇشلىرى
شاخلاردىن غازاڭدەك تۆكۈلۈپ تۇرار.
غازاڭلىق يوللاردا ھارۋامنى ھەيدەپ
يۈرەكتىن يۈرەككە توشۇيمەن باھار.

2011 ـ يىلى 23 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن

# مەن غۇۋا بۇ كەچتە كوچا بالىسى

مەن غۇۋا بۇ كەچتە كوچا بالىسى،
كۆز يېشىم تۆكۈلەر تاشتىنمۇ قاتتىق.
ئەڭ كېسەل بىر ئىنتقا ئوخشايدۇ قەلبىم،
ئۆلۈمنى سېغىنىپ قاۋايدۇ ئاچچىق.

سەن مېنى قۇتقۇزما كوچا چىرىغى،
قاراڭغۇ جىن بىلەن ئۆيۈمگە كېتەي.
شەھەرنىڭ ماشىنا يۈركى بىلەن
بىنالار توپلاشقان رەستىدىن ئۆتەي.

تانىسغا، تانىسغا تارتمىغىن مېنى،
كۆردۈڭمۇ، مۇھەببەت قولتۇق تايىقىم.
بىر قىزدىن بىر قىزغا يۈگۈرۈپ بىر ئۆمۈر،
قەلبىمگە ساناقسىز پاتتى ئايىغىم.

قولۇمدىن يېتىلەپ مېنىڭ ئاخىرى
قەبرىنىڭ ئالدىدا پاتقاندا قۇياش،
دۇنيانى قۇتقۇزۇپ قالار ئېھتىمال
ئانامنىڭ كۆزىدىن ئاققان تامچە ياش.

2011 ـ يىلى 31 ـ ئۆكتەبىر. خوتەن

www.uyghurkitap

# قارنىڭ ئاپپاق چۈشى

قار ياغار ئۈستۈمگە، گويا قەبرىستان...
چاچلىرىم چىلشىپ تۇرار ئاسمانغا.
جىسمىمنى قۇچار ئاھ، لالەيۇ بوستان،
ھاياتىم يۆركىنەر ئاپپاق ھىجرانغا.

بۇ ئۇزاق ھاياتمۇ بىر نەپەس يالغان،
جىنىنى چاتمىسا ھەركىم جانانغا.
ئۆلۈكلەر سېلىۋەتكەن بىر ئەسكى چاپان
بۇ دۇنيا بىلىنمەس ھايات قالغانغا.

مەن ساڭا ئاسىيلىق قىلدىم ئەي ئاق قار،
ئەي ئاق قار، قاپقارا، قارا، قاپقارا...
نەقەدەر ئاقتۇر ئاھ، سۆيگەن يۈرەكتىن
قاپقارا قان ئېقىپ تۇرغان بۇ يارا...

2011 ـ يىلى 9 ـ نويابىر. خوتەن

# ساراڭ ھاياجان

ئىشكنى چېكىدۇ غالجىر خىياللار
يۆگۈرۈپ كېلىدۇ قاراڭغۇ ئورمان.
ئۆلۈمگە ئوخشايدۇ يالىڭاچ بەدەن،
چېچىنى يۇلىدۇ ساراڭ ھاياجان.

قۇياشلىق مۇنچىدا يۇيۇنۇۋاتقان
ئەي يىراق ئۇيۇقتا غۇنچىلىغان قان.
ئەي مەستخۇش جانانىنىڭ كىرپىكلىرىدىن
يىراق چۈش شەھىرىگە يول ئالغان كارۋان...

جان قېنى، جانانغا بىرەي دېگەندە،
ئەي ئۆلۈم ئىشكنى چەككەن مۇھەببەت.
خوش! دېگەن چاغدىكى كۆڭۈل ھۆرلۈكى،
ئۇچراشقان چاغدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت؟...

يۈرىكىم گوياكى جۇدالىق ئۈچۈن
يېزىلغان خەت كەبى يىرتىلىپ كەتتى.
ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە كەلسەم يۈگۈرۈپ
ئىبىت دۇنيا، يار نىچۈن ئىشكنى ئەتتى؟!

2011 ـ يىلى 10 ـ نويابىر. خوتەن

تۈگۈنۈز كىتاب تورى
www.uyghurkitap

# ئاپتاپلىق يامغۇر

تويى قىلىپ قىرىق كۈن، قىرىق كېچە مەن
گوياكى ئازابنى ئەمرىمگە ئالدىم.
شېئىرنىڭ كۆرۈنمەس بارماقلىرىدا
قەلبىمنى ھەسرەتلىك كۈيلەرگە چالدىم.

شېئىر قىلىچىدا ئۆلتۈرۈپ يارنى
كۆمدۈم مەن قەلبىمنىڭ ئازگاللىرىغا.
تۆكۈلگەن يېشىمنى كۆرسەتمىدىم ھېچ
دۇنيانىڭ رەھىمسىز ئاياللىرىغا.

ئەي ئانا تۇغقانمۇ مېنى مۇقامغا
يالاندەك چىرمىشىپ يىغلىغان تارغا؟
كۆيسۇن دەپ دۇنيادا كەلمەي تۇرۇپلا
شېئىرغا ئايلىنىپ كەتكەن نىگارغا؟!

2011 ـ يىلى 10 ـ نويابىر. خوتەن

## سوۋۇماس كۆڭلۈمدە بىر پىيالە چاي


يار كېلۇر گۈلبەرگى توزۇغان چۆلدىن،
سوۋۇماس كۆڭلۈمدە بىر پىيالە چاي.
چالساڭچۇ سازىڭنى ۋىسال كۈيىگە،
چالساڭچۇ ھىجراندا قەلبىم ئۇخلىماي.

كىرپىكى كەينىدە توختىماس كارۋان،
تىرنىقى ئاستىدا ئولتۇرار ئاسمان.
ئۆلۈمدىن بىر ۋاراق، جاندىن بىر تىزىق،
بېشىدىن ئايىغىچە بىر گۈزەل داستان...

ھالقىپ خانتەڭرىدىن، كېچىپ تارىمنى،
كېلۇر ئاھ، يىغلاپ ئۇ تەكلىماكاندىن.
مەن نىچۈن ئالدىغا بارمايمەن ئۇنىڭ
ئاتلاپ مۇشەققەتلىك تەندىن ۋە جاندىن...

2011 ـ يىلى 10 ـ نويابىر. خوتەن

www.uyghurkitap



# لېۋىڭدە لېۋىمنىڭ ئاياغ ئىزى بار

كۆڭلىدىن ئۆركۆگەن بىر توپ كىيىكلەر
ئۆتكەندە كىرپىكلىڭ بوستانلىقىدىن،
يېشىپ مەن ئۆلۈمنىڭ ئىشتان بېغىنى
كىرسەم ئاھ قوينۇڭغا ، جېنىم ئامرىقىم.

چېچىڭدا ھارۋىكەش ئوينىتىپ قامچا
ماڭغاندا ئاسمانغا توۋلاپ ياريار،
ئېزىقىپ كىندىكىڭ ئورمانلىقىدا
يۈرسەم ئاھ بىر ئۆمۈر، جېنىم ئامرىقىم.

لېۋىڭدە لېۋىمنىڭ ئاياغ ئىزى بار،
كۆزۈڭدە بار مېنىڭ بىر تامچە يېشىم.
بويلاپ سەن شۇ سۈزۈك بىر تامچە ياشنى
كىرسەڭ ئاھ، قوينۇمغا، جېنىم ئامرىقىم.

2011 ـ يىلى 11 ـ نويابىر. خوتەن

# دەردىڭدىن قوغلىما

دەردىڭدىن قوغلىما، قوغلىما مېنى،
دەردىڭنى تارتمىسام ئۆلۈپ كېتىمەن.
ئەگىشىپ يۇمۇلغان كۆزلىرىمگە مەن
قاراڭغۇ قەبرىگە كىرىپ كېتىمەن.

گوياكى بۇ مېنىڭ قاراڭغۇ قەبرەم
تاڭدىكى ئادەملەر ئۇنتۇغان قۇياش.
مىڭ يىللىق پىراقتا گويا يەر - جاھان
كۈتۈپ شۇ قۇياشنى تۆكمەكتە كۆز ياش.

كۆز يېشى ئەڭ گۈزەل ناخشا بولسىمۇ
يەتمەس ئۇ تېنىڭنىڭ روجەكلىرىدىن
يولۇمغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئايالغا.
قەبرەمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن چېغىڭدا
چېچىڭنى يەلپۈتۈپ ئۆتكەن شامالغا...

2011 - يىلى 11 - نويابىر. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# كۆز ياش سىياھ

ئىچىمدە نە ئاسمان، بۇلۇت بولمىسا،
نە يامغۇر ياغسا ھە، كۆز ياشلىرىمدەك.
ئاياللىق شېئىرغا قانمىدىڭ دەيدۇ،
نە شېئىر ئايالغا قانمىسا مەندەك؟...

چۆل بولۇپ يېرىلىپ كەتكەن دىلىمنى
سۇغارسام ئىشقىنىڭ يامغۇرى بىلەن،
كۆكتىكى ئېتىزدا كۆكلىمەس دەردىم
تولۇن ئاي تېرىغان يۇلتۇزدەك نىچۈن؟

بولدى قوي، تۇپراقتەك كېتىدۇ تۇزۇپ
مەن ئادەم تىرىسىدىن كىيگەن بۇ چاپان.
بۇ دۇنيا سۆيگۈگە راسلانغان كارىۋات،
كارىۋاتتا نە مەن بار، بار ئاھ، نە جانان؟!...

2011 ـ يىلى 12 ـ نويابىر. خوتەن

# تاملىرى گۈل بىلەن ياسالغان زىندان

بۇلبۇلنىڭ قەلبىدۇر گوياكى قان، قان
تاملىرى گۈل بىلەن ياسالغان زىندان.
ئاياللار شېئىردىن كېتىشڭلار قېچىپ
مۇھەببەت زىنداندا ياتماس ھېچقاچان.

تالۇ تال كىرپىكتىن سۇنغان قىلىچلار
چاچلاردىن ئۆرۈلگەن زۇلمەت كېچىلەر.
تەۋرىنىپ كۆكسىدە مەغرۇر ئەجەلدەك
قۇياشنى يېتىلەپ ماڭغان قەبرىلەر...

ئازابنىڭ ئەڭ گۈزەل مىنۇتلىرىدا
نە ئازاب، شادلىقتىن كۆتۈرۈپ چۇقان،
ئاياللار شېئىردىن كېتىشڭلار قېچىپ
ياتاي بۇ زىنداندا يالغۇز مەن ھامان!

2011 ـ يىلى 12 ـ نويابىر. خوتەن

www.uyghurkitap

# نەگىمۇ بارارمەن ئىنتەك سوكۇلداپ

نەگىمۇ بارارمەن ئىنتەك سوكۇلداپ
ۋاپاسىز كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ.
بىر دەم ئولتۇرارمەن تامنىڭ تۈۋىدە
يېرىم يولدا قالسام مەن ھېرىپ.

قار قاپلىغان ئاينىڭ كىرپىكى
قەلبىمگە قاقدۇ چېچەكلىرىنى.
توشقۇزۇپ قويارمەن خازانلار بىلەن
گۈلنىڭ يىرتىق - يىرتىق ئىنتەكلىرىنى.

بەلكىم مەن ئۆلسەم تۇغۇلدۇ يار،
مەن ئۆلەرمەن يارنى ئويلاپ.
بەلكىم شېئىرلىرىمدىن چىقار بىر كۈنى
يار قىلچىنى يالىڭاچلاپ..

2011 - يىلى 13 - نويابىر. خوتەن

# بۇ شېئىر يار بىلەن لىق تولغان كېچە

كىمكىنە ئېسىلىپ ئۆلمەكچى بولغان
يارنىڭ تېنىدىن ياسالغا دارغا.
كىمكىنە يۈگۈرگەن قەبرىگە قاراپ
ئوخشىتىپ ئۆلۈمنى دىلدىكى يارغا؟


قانچىلىك تەنلەرنىڭ گۈلزارلىقىدىن
ئۆتتى ئۇ، ئۈزدى ھەم قانچىلىك غۇنچە؟
ئايرىلىش ئالدىدا يارنى سۆيدى كىم،
بۇ سۆيۈش ئازابتىن دەھشەتلىك شۇنچە.

دىلدىكى مۇقامنىڭ ئىشىق چۆلىدە،
مۇڭلىنىپ ئاققاندا يار دېگەن دەريا.
كىمكىنە ئاشىقنىڭ ماكانى دېگەن
مەشۇقى توۋلىغان ھەسرەتلىك ناخشا؟

ئەي شاراب، جانانىنىڭ لېۋىدىن كەتكىن،
ئەي قۇياش، دىلبەرنىڭ كۆزىگە قارا.
بۇ شېئىر يار بىلەن لىق تولغان كېچە،
چۈش كۆرەر سۆيگۈگە قانمىغان دۇنيا!

2011 ـ يىلى 15ـ نويابىر. خوتەن

www.uyghurkitap



# ئاخشام چۈشۈم ئۇخلىمىدى

1

ئاخشام چۈشۈم ئۇخلىمىدى
يار ئۇخلىغان چۈشنى ئويلاپ.
يار كەلمىدى، دەردى كەلدى
كۆزدىن ئاققان ياشنى بويلاپ.
دېدىم: چىققىن، ئەجەل كەلدى،
پىچاق بىلەن جاننى ئويناپ.
جىنىم دېدى: چىقمايمەن
يارىڭ ئالسۇن مېنى تويلاپ...

2

ئاخشام ھايات باشقا ئۆلۈم
ھايات باشقا، ئۆلۈم باشقا.
خەت يازدى كىم، ئاللاھ، ئاللاھ
يۈرەكتىكى قارا تاشقا؟
خەتتە كىتاب، ۋاراق ـ ۋاراق
ۋاراق ـ ۋاراق دەردۇ پىراق
يەردىن كۆككە يىغلاپ ـ يىغلاپ
غېرىب ـ غۇرۋا، يالاڭ ئاياق...


نېمە دەرمەن يار دەردىدە
كۆزلىرىمدىن ئاققان ياشقا؟!

3

ئاخشام ئاينىڭ ياغلىقىنى
ئوغرىلىغان يۇلتۇزلارنى،
ئاخشام گۈلنىڭ باغلىقىنى
يېشۋەتكەن ناخشىلارنى،
ئاخشام ئوتتىن بىر دەستە قان
سۇغا كەتكەن باياۋاندا،
ئاخشام چۈشۈم ئۇخلىمىدى
چۈشۈمدىكى پىشايۋاندا....

2011 ـ يىلى 15 ـ نويابىر. خوتەن

www.uyghurkitap



# مېنى مەندە كۆردۈڭلارمۇ؟

ئېزىپ قالدىم يار دەردىدە، مېنى مەندە كۆردۈڭلارمۇ؟
مېنى قۇرۇپ قاخشال بولغان غېرىب تەندە كۆردۈڭلارمۇ؟
رەھمەت نۇرى بىلەن يورۇپ ئۆلۈكلەرنىڭ پېشانىسى
شەربەتلەرگە تولۇپ شېرىن سۆھبەتلەرنىڭ پىيالىسى
پەرىشتىلەر ئېلىپ ماڭغان مۇھەببەتنىڭ جىنازىسى
قاققان چاغدا ئېچىلمىسا بۇ قەلبىمنىڭ دەرۋازىسى
مېنى ئاشىق تونى ئىچرە جەندە ـ جەندە كۆردۈڭلارمۇ؟

بىنالارنىڭ پەلەمپىيى ئۆرلەپ مېنىڭ كۆكسۈم بىلەن
ماشىنىلار ماڭسا يىغلاپ مېنىڭ پۈتمەس دەردىم بىلەن
كەلسە چىللاپ جىنلىرىنى چۈشۈمدىكى سۇ تۆگمىنى
ئاپپاق ـ ئاپپاق چاچلىرىنى تاراپ مېنىڭ قەلبىم بىلەن...
دۇتار يىغلاپ كىرسە ئۆيگە سوراپ سۆيگۈ بۇلبۇلىنى
كەتسە تەمبۇر باياۋانغا كېزىپ ئىشق قۇملۇقىنى،
داپتىن بوران چىقسا ھەي، ھەي... ساتاردىكى دەريا بىلەن
ئېقىپ ـ ئېقىپ... تاپالمىسام بۇ ئىشقىنىڭ قىرغىقىنى
جېنىم كىمگە كېرەك بولسا، ئالسۇن نەرقى پۇچۇق تىللا...

مىڭ يىل كېيىن مېنى يارنىڭ ئىشكىدە كۆردۈڭلارمۇ؟!

2011 ـ يىلى 16 ـ نويابىر. خوتەن

## مېنى مەندە تۇرغۇزمىدى ...

مېنى مەندە تۇرغۇزمىدى مۇھەببىتىم
مېنى چۆلگە تاشلاپ كەتتى قىزىل گۈللەر
سۆڭەكلىرىمنىڭ چۆللىرىگە پالاندىم مەن
گۆشلىرىمنىڭ ئېتلىرىغا تالاندىم مەن،
ئاللاھ، ئاللاھ... باغرىمدىكى يارا، يارا
يارىلاردىن ئېقىپ تۇرغان قانلار قارا
قارا قانلار گويا قارا قاغىلاردەك
سايراپ مۇدھىش ۋۇجۇدۇمدا تاڭ ئاتقۇچە
چوقۇلايدۇ مېنى سېسىق جەسەت كەبى...

ئۇچراتساڭلار جەسىتىمنى رەستىلەردە
ئاپىرىڭلار ئۇنى يارىنىڭ ئىشىكىگە
يارىنىڭ ئىتى يېسۇن مېنى، يېسۇن مېنى...
ئىت قاۋىسا چىقىپ ئىشىك ئالدىغا ئۇ
يارىم كەپتۇ! دېسۇن مېنى، دېسۇن مېنى...

مەن دۇنيادىن كەتكەن كۈنى چىققان قۇياش
يورۇتقۇسى قاپقاراڭغۇ قەلبىڭلارنى

2011 ـ يىلى 16 ـ نويابىر. خوتەن

## بىر بالىقىم ئاپتاپ

ناۋالارنىڭ بارمىقىدىن مەي ئىچىپ
بىھوش بولۇپ يىقىلغاندا تارىغا مەن،
ساما ـ ساما، ھالقا ـ ھالقا چۆرگىلەپ
يول ئالىمەن باغرىمدىكى يارغا مەن...
...
دەھشەت مۇقام، قۇياش مېنىڭ جىنازام
ئالار دۇنيا مەندىن ئاخىر بىر جەسەت.
سۆيگۈ مەندىن ئالسا شېرىن ئىنتىقام
شېئىر يېزىپ ئۆلەيمۇ مەن تا ئەبەد؟
قەلەندەردەك يىرتىلمىغان كىم قالدى،
كىرلەشمىگەن قاندىن يەنە بىر تامچە؟
ئۆلۈۋېرىپ تۆكمىگەن جانلىرى
مېڭىپ يۈرگەن تەنلىرىدىن ھېچقانچە...
ھاياتتىكى سۆيگۈلەردىن مۇقەددەس
ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ياش قەيەردە؟
مېنىڭ يىغنە تۆشۈكىدىن ئۆتكىنىم
باشلاپ سۆيگۈ كارۋىنىنى شەھەردە...

2011 ـ يىلى 16 ـ نويابىر. خوتەن

# كىتابلاردىن چىقىپ كەت

كۆيۈك قۇياش، مەيلى بىلەن يېرىلغان بىر ئانارنىدىن
يەتتە ئاسمان ئەينەكلەرىنىڭ كەينىدىكى باھارنىدىن
ئۆلۈك ئۆلۈم، جەھەننەمدە كۆيۈۋاتقان مۇھەببەت
شېئىرلاردا كىم ئۆزىنى ئوۋلاۋاتقان شىكارنىدىن
بىر كىم
يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىكىدىن ئۆتتى تۆگە يېتىلەپ...
كۆڭلى چۆلنىڭ مەرغۇلىدا جالدۇر ـ جۇلدۇر قەلەندەر
سۆڭىكىنىڭ ساپايىسى سۇنۇپ كەتكەن قەلەندەر
ئۆلۈكى ئات، تىرىكىدىن ماشىنىلار، ئەلۋىدا!
كۆكرىكىدە ئۇخلاۋاتقان توپا بىيسىپ كائىنات
قانىنىڭ پاتقاق جىلغىسىدا لاي بۆرىلەر لاي، لاي، لاي
قۇچىقىدا يۇلتۇزلىرى يىغلاۋاتقان كۆك ساما
جىنازىسى بۇلۇت يېرىپ كېتىۋاتقان تولۇن ئاي...
كىتابلاردىن چىقىپ كەت!
كونا دۇنيا ئۇ يەردىكى شەددە ـ ئەلەم خادىسى
ئۆلۈكلەرنىڭ ئەسلىمىسى، كەلمەس كۈننىڭ ئەتىسى
سالا ـ سالا قەبرىستان
قەبرىلەرنىڭ تۆشۈكىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ چاشقانلار
غاجار تاشقا نەقىشلەنگەن سېمىز ـ سېمىز خەتلەرنى...

2011 ـ يىلى 19 ـ نويابىر. خوتەن

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# يېشىل شاخلار تەۋرىنەر قاچان ...

يىللار
سەھرا يولىدىكى ھارۋىكەشتەك ناخشىسىنى دۈك تولۇلاپ
باقماستىن ھارۋىدىن چېچىلىپ تۇرغان ئاي، كۈنلەرگە
ئۆتلۈۋېرەرمۇ؟

سۆيگۈم كەلمەيدىغان يار ئۈچۈن
ئەينەككە قاراۋېرىپ كۆڭلۈمدىكى قازناقتا
قېرىپ كېتەرمۇ؟

يامغۇر يېغىۋاتقان دەردىمدە
كۈنلۈكسىز كېتىۋاتقان بىر تامچە ياش
ئاپتاپ چىققاندا قۇرۇپ كېتەرمۇ؟

ئاھ!...
قۇشلار ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىگە ماڭغاندا
دەرەخلەر يۆگۈرەپ كەلگەندەك مەرھابا دەپ ئورمانىدىن
يۆرىكىمدە
يېشىل شاخلار تەۋرىنەر قاچان؟!

2011 ـ يىلى 19 ـ نويابىر. خوتەن

# قۇمغا كۆچكەن خەلقلەر

ياشار، ياشنار ئۆز قەلبىدە قۇمغا كۆچكەن خەلقلەر
يۇلتۇزلىرى گاھى ـ گاھى يېنىپ ـ ئۆچكەن خەلقلەر
بۇ جىن كىمدۇر؟ ئۇ جىن كىمدۇر؟! پىل ـ پىل يانغان
چىراغلار
يۈگۈرگەنچە ئارقىسىغا يېقىن بولغان يىراقلار...

سۇغا قاراپ قۇرۇپ كەتكەن تەكلىماكان بويلىرى
قاتار ـ قاتار ئۆلۈكلەرنىڭ جەننەتكى تويلىرى...
بىر توغراقنىڭ ئۆرە تۇرۇپ قۇرۇپ كەتكەن چۈشىدە
كۆك بۆرىنىڭ قەلبىدىكى ئىسمائىلنىڭ قويلىرى...
يېقىن ياتقان ئىككى توغراق قۇرۇپ كەتكەن ئەر ـ ئايال
ئارىلىقىدا شىلدىر ـ شىلدىر دەريا ئاقار ئېھتىمال
قەبرىلەرنىڭ شەددىسىدە لاتا ـ لاتا بۇلۇتلار
لەپىلدىگەن قۇياشمۇ ھەم يارنىڭ يىرتىق كۆڭلىكى
سۆبھى بىلەن ئېچىلغاندا مۇئەللەقنىڭ تۈگۈلۈكى
ئەييۇھانناس! سىبىسىپ كەتكەن جانلىرىنى نە قىلۇر
كۆڭلى ئاسمان ئىشكىدە يۇلتۇز تىلەپ دىۋانە
خۇرجۇنىدا ئىككى ئالەم، دۇنيا، دۇنيا قەلەندەر...

قەلبىمدىكى كارىۋاتتا مەن يالغۇز يېتىپ ئەزەلدىن
چىقالمىدىم يار دېگەن بۇ باياۋانلىق غەزەلدىن

ساپايەمنىڭ جالدۇر ـ جۇلدۇر تۆگسىگە ئەگىشىپ
چۈشلىرىمنىڭ قۇملۇقدا كېتىۋاتقان گۈزەلدىن...
سۇ قەلبىدە لاۋۇلدىغان ئوتنىڭ قىزىل ياغلىقى
گۈلنىڭ گۈلگە ھەسرەت بىلەن پىچىرلىغان كۈلكىسى
كەلمەس كىمنىڭ يار قويندا ئۇخلاپ قېلىپ ئۆلگۈسى...
ئاھ خۇدا! مەن نە قىلاي
سۈرگۈن بولدۇم مۇقاملارغا، تەمبۇر، ساتار، داپ، راۋاب
چېقىلغان بىر پىيالدىن ئېقىپ تۇرغان مەست شاراب
قوتۇر ئاتتەك زىمىستانلىق كوچىلاردا دەرد ـ ئازاب
تەنلەر ئارا ساپان سۆرەپ ھارغان قېرى ھېسسىيات
ئانا! دېگەن ئېغىزدىكى ئىمان بىلەن ئەتىرگۈل
سۆڭەكلەردە چاقناپ تۇرغان چۆلنىڭ چەكسىز چۈشلىرى
گۆشلەر ئارا قاۋاپ تۇرغان مۇشەققەتنىڭ ئىتلىرى
قويلار مەرەپ ئىچىدىكى بۆرىلەرنىڭ چۈشىدە
ئاھ خۇدا، مەن نەقىلاي
قېچىپ يۈرۈپ مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ مۇھەببەت شەھرىدە
ئۆرگىلەيمۇ، چۆرگىلەيمۇ لىۋەن يارنىڭ دەردىدە؟

2011 ـ يىلى 20 ـ نويابىر. خوتەن

# تەننىڭ مونولوگى

ئۇخلاپ ياتسام چۈش كارىۋىتىدا
سۆيگۈ مۈشۈكلىرى
مېنى يالاۋاتقاندا...
گۆشلىرىمنىڭ ئارىسىدا
هايات
ئوت قالاۋاتقاندا...
مەن لاي
لاي، لاي، لاي...

كۆزلىرىم كېلىپ تۈندىن
تىلىم ئانا! دېگەن ئۈندىن
يۈزۈم سارغايغان پىراقتىن
كىرپىكلىرىم يىراق ـ يىراقتىن...
قۇچاقلىشىپ تۇرغاندا مەن يار بىلەن
گويا جەھەننەمدىكى گۈلزار بىلەن
مەن لاي
لاي، لاي، لاي...

پىچاق ـ
تونۇش بىر ئۆلۈم.
سىرتماق ـ

تونۇش بىر ئۆلۈم.
دار ـ
تونۇش بىر ئۆلۈم.
يار ـ
تونۇش بىر ئۆلۈم.
...
دۇنيا ـ
تونۇش بىر ئۆلۈم!...
روھ ـ
ياشاپ ئۆلۈۋاتقاندا
مەن لاي
لاي، لاي، لاي...

...بىلمەيمەن،
تۇپراققا قايتمىغۇچە تىرىلمەيمەن.
تۇپراققا قايتقاندا
ۋاي
ۋاي، ۋاي، ۋاي!

2011 ـ يىلى 20 ـ نويابىر. خوتەن

## تېنىمىز ئۆركەشلەر سەۋدايى قاندەك

تېنىمىز ئۆركەشلەر سەۋدايى قاندەك،
قاراڭغۇ چۈشىمىز گوياكى ئەينەك.
يالتىرار سۆيگۈنىڭ شولىسى ئۇندا
قىزىل گۈل بەرگىدەك تۆكۈلۈپ لەپ ـ لەپ...

كۆز يېشى ـ قەدىمدە ئاتقان بىر سەھەر،
قۇياشتىن بۇرۇنقى زۇلمەت قەلبىمىز.
مۇزىكا ـ ئەجەلدۇر، ئەگەشكۈچى كىم؟
جەننەت ۋە دوزاختەك سەرسان ئىككىمىز...

زەھەردىن شېرىندۇر مۇھەببەت نېچۈن ؟
چۈنكى ئۇ ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھايات.
قاندىم مەن ھاياتنىڭ شارابىغا ئېھ،
ئەزىزىم، ئۆلۈمدىن بىر قەدەھ ئۇزات!

2011 ـ يىلى 20 ـ نويابىر. خوتەن

# قۇپقۇرۇق قەدەھ ۋە شېرىن ئەسلىمە

چاراقلاپ ياندۇ ئەينەك شىرەدە
قۇپقۇرۇق قەدەھ ۋە شېرىن ئەسلىمە؛
مەن سېنى قانغۇچە سۆيگەندىن كېيىن
ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان ئىدىم قەلبىمدە.

ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان ئىدىم مەن سېنى
قورقۇپ ئاھ، دەردىڭدە ئۆلۈپ قېلىشتىن.
قورقاتتىم، قولۇمنى ئېلىپ بويىنۇڭدىن
تۇيۇقسىز كۆكسۈمگە پىچاق سېلىشتىن...

قورقاتتىم بىر ئۆمۈر ياشاپ سەن بىلەن
ئايرىلىپ قېلىشتىن سەندىن تۇيۇقسىز.
ھېلىلا مەن ئىچكەن شۇ زەھەر كەبى،
سۆيگۈنى شېرىن دەپ بىلگەن ئىككىمىز...

2011 ـ يىلى 20 ـ نويابىر. خوتەن

## ئاياللار كېلىڭلار، كۆيمەكتە شائىر

كوچىلار قاراڭغۇ يارسىز، نىگارسىز،
پەلەكتە يۇلتۇزلار ئاھ چېكەر چىم ـ چىم.
گويا گۈل ئۈزگەندەك ئالەم بېغىدىن،
بۇ غېرىب جېنىمنى ئالمىدى ھېچكىم.

ھېچكىم يوق ئالغۇدەك كۆڭلۈمنى ياكى،
بۇلبۇلنىڭ نالىسى پالاندى گۈلگە.
پالاندى شائىرنىڭ قەلبى قۇياشقا،
پالاندى مۇھەببەت دىلدىكى چۆلگە...

ئۆزۈمنى كۆيدۈرسەم دەردىم چىقارمۇ،
تاكى گۈل بولغۇچە جۇدالىق، ھەسرەت؟...
ئاياللار كېلىڭلار، كۆيمەكتە شائىر،
كۆيەر ئۇ شېئىردەك ئەبەدىلئەبەد!

2011 ـ يىلى 23 ـ نويابىر. خوتەن

# يارىمنىڭ لېۋىدە ئاخىرقى كېچە

يارىمنىڭ لېۋىدە ئاخىرقى كېچە
تۈگىدى، سۆيۈشتۇق تاكى تاڭغىچە.
تۈگىدى ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكى،
تۈگىدى ئۆلۈممۇ ئۆلۈپ ئاڭغىچە...

قەيەردە چۈشلەرنىڭ قەبرىستانلىقى،
بىلمىدۇق، خىيالىي جەھەننەمدە بىز.
ئاسماننىڭ ئىشكى كىمدە ئېچىلدى،
سۆيۈشۈپ تۇرغاندا يارىم ئىككىمىز؟

يىراق بىر دېڭىزدەك مۇزلاپ ئاھ، كۆڭۈل...
بىر غېرىب بۆرىدەك ھۇۋلىغاندا دىل...
بىلمىدۇق، ئەينەككە قاراپ يىلمۇ يىل
توزۇدى ئاھ، كىمنىڭ قولىدىكى گۈل؟!...

2011 ـ يىلى 23 ـ نويابىر. خوتەن

# سۆيگۈنىڭ ئەڭ يىراق تاغلىق كەنتىدە


مەن تېخى ئاسمانغا چىقىپ باقمىدىم،
زېمىن قەبرىلەرگە تارتار پۇتۇمنى.
سۆيگۈنىڭ ئەڭ يىراق تاغلىق كەنتىدە
قالايدۇ بىر قىزچاق ئىشق ئوتۇمنى.

ئاھ، تېخى بىر قېتىم يەپمۇ باقمىدىم،
ئۇ قىزچاق دەرد بىلەن ئەتكەن ئاشنى مەن.
ئۇ قىزنىڭ ھەيكىلى دېدىم ئىچىمدە
باغرىمدا كۆكلىگەن قورام تاشنى مەن.

بەزىدە جىمجىتلا ئۆلگۈم كېلىدۇ
ئۇ قىزنىڭ ئاش ئېتىپ تۇرغان دەردىدە.
مەن ئۆلسەم... جۇپ قەبرە بولارمۇ پەيدا
سۆيگۈنىڭ ئەڭ يىراق تاغلىق كەنتىدە؟!...

2011 ـ يىلى 23 ـ نويابىر. خوتەن

www.uyghurkitap



# كەلگەن قىز

كىمدۇ ئۇ كەلگەن قىز، ئايمۇ، قۇياشمۇ،
ياكى ئۇ سۈبھىدە يانغان چولپانمۇ؟
كېچىدە ئۆيۈمگە كىرىپ شەپىسىز،
چۈشۈمنى ئوغرىلاپ قاچقان مېھمانمۇ؟!

يا ئۆلۈم ھارۋىسىدا چۈشۈپ ئەرشتىن
روھىمنى ئېگىلەپ ياتقان سۈبھانمۇ؟
ياكى ئۇ دوزاختا بولۇپ پەرۋىشكار
قەلبىمگە ئوت قالاپ تۇرغان شەيتانمۇ؟!

لەپىلدەر كۆزىدە تۇغلار، ئەلەملەر،
بىر دەھشەت قوشۇنمۇ ئۇرۇشقا ماڭغان؟...
مۇھەببەت ئېلكىدە قارىدى ماڭا،
ئەل بولدۇم ئۇنىڭغا شەرتسىز شۇ ھامان.

2011 ـ يىل 26 ـ نويابىر. خوتەن

# تەڭرى يوللىرى ئەگرى ـ توقاي


ھاياتتىن ئىلگىرى ئۆلۈم يوق
ئۆلۈمدىن كېيىن قۇللۇق
تەڭرى يوللىرى ئەگرى ـ توقاي
سۆيگەندىن كېيىن قۇپقۇرۇق
زېمىنغا چۈشكەن سادا:
ياشا! دېگەن بۇيرۇق...
قاننىڭ كەچقۇرۇنى ئاق
جەددى ـ جەمەتى يۈرەكنىڭ ئاچلىق
پۇشايماننى ئالدىغان قاچا
يۈرەك بولسا
جەددى ـ جەمەتى مۇھەببەت!
...
گۈل قاچىسى چېقىلىپ كەتمىسۇن
سۆيۈشۈۋاتقاندا لەۋلەر چېچىلىپ كەتمىسۇن
ئەرش پەلەمپىيىدىن بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئالغا
تەڭرى قېشىغا كېتىۋاتقاندا ئارقىسىغا قارىمىسۇن
سۆيۈشۈۋاتقان بولسا تۆكۈلمىسۇن مەي
يارنىڭ قۇچىقىدا بولسا قانات قاقسۇن...
ئۆلۈۋېرىپ تۈگىمىگەن جان
تەندىن قانداق ئاققۇزىدۇ قان؟
قىلىچلارنىڭ نازاكىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

ئېچىلدۇرۇپ تۇرغاندا رەيھان
ئېھ، نەقەدەر قىزغىن ھاياجان؟
كىمنىڭ دەردى پىيالىدىكى
جىمىرلىغان سۈزۈك ئاسمان؟!
كارىۋات ئاستىدىكى ئوغرى جەسەت
يۇلتۇزلارنىڭ يوقلىمىسىدىن
ئۆتەلمىگەن قەبرىستان...
...
ئېھ
كېتىۋاتىمەن بارماقلىرى ئارىسىدا
قاتار - قاتار ئۆلۈملەرنى ئارىلاپ.
قەبرىلەردە ئالىمەن ئارام
تىرناقلىرى ئاستىدا توختاپ.
كۆكسىدىكى ئايدىڭ كەچلەردە
داپ چالىمەن ھاياجان بىلەن.
ئىككى پۇتى ئىككى ياقتا ماڭغاندا
ئوتتۇرىسىدىكى دەشت - باياۋاندا
قايغۇ بىلەم تەمبۇر چالىمەن.
ئېھ
بۇ دۇنيانىڭ ھېچنېمىسى يوق
ئۇنىڭ مەندىن تالىشىدىغان،
پەقەت
ئىككى قولۇم قوچاقلاپ تۇرغان ئۇ
ئىككى كۆزۈم كۆرۈپ تۇرغان ئۇ
ئىككى قۇلىقىم ئاڭلاپ تۇرغان ئۇ
ئۇ
ئۆزىنى مەندىن تالىشىدۇ...

مۇھەببەتتىن ئىلگىرى
مەن يوق ئىدىم.
مۇھەببەتتىن كېيىن ھەم
بولمايمەن!

2011 ـ يىلى 9 ـ دېكابىر. خوتەن



# شېئىر، بۇ ئازاب ...

ئېگىز بىنالار ئۇنىڭ ئەمەس
ئۇچقۇر ماشىنىلار ئۇنىڭ ئەمەس
ئۇنىڭ ئەمەس پۇلدىكى
ئوغرىلانغان بايلىقلار...
شەپەرەڭلەر ئۆيىگە كىرىپ
نېمە قىلار شېئىرنى زادى؟!
شېئىر گويا خوتۇنى يوق ئەرگە
كېچىدىكى يۇلتۇزلۇق كوچا،
مېڭىۋەرسە كوچىنىڭ ئاخىرىدىن
گۈل كۆتۈرۈپ كېلەر بىر ئايال.
ئۇلار
ئۇچرىشىپ كوچىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا
قۇچاقلاشماقتا!...

2011 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر. خوتەن

## هارغىن ئۆيۈمدىن چىقتىم

هارغىن ئۆيۈمدىن چىقتىم،
ئەسلىمىلەردىن كەلگەندە قايتىپ
ئايىغىمغا يۇقۇپ قالغان كۆز ياشلارنى سۈرتۈۋەتمىدىم.
يولنىڭ بويىدا
ئىككى تېرەكنىڭ تويىدا
بىردەم تۇردۇم مېھماندەك.
بىردەم
ئاستا ـ ئاستا
ھاياجىنىم ھالسىرىدى
سۇغا تۆكۈلگەن قاندەك.
...
تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغاندەك
تاملارغا چاپلانغان چىرايىم،
شېئىرلىرىم سېنى ئىزدەۋاتىدۇ
ئېھ،
قارا كۆزلۈك جانانىم،
چىرايىڭ قەلبىمگە چاپلانغان
تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغاندەك...

2011 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر. خوتەن

تۈيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# قارا قۇچقاچ بولۇپ سايرىسام

ئاھ، مەن يارسىز، يارىممۇ يارسىز،
قەدەھتە لىق ئازاب راھىتى.
يارغا جاننى بېرىۋاتقاندا
توختاپ قالدى ئۆلۈم سائىتى.
كەلمەس بولسا تۇغۇلمىسا ئەي،
جاندىن جانان تىلەيدىغان شۇم.
ناخشاڭ بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتسەڭچۇ،
ۋارقىرايمەن دەھشەتلىك چوقۇم..!
ۋارقىرايمەن:
قوناقلىقتىن ياشمەن، ئېگىزمەن،
يارغا تاشلاپ يۈرگەندە ساقال...
يارغا جاننى بېرىۋاتقاندا
خىيالىمدا يوق ئىدى ئايال.
بۇ دۇنيانىڭ ئۇ دۇنياسىغا
دۈۋىلەيمەن قانچىلىك جەسەت؟
قارا قۇچقاچ بولۇپ سايرىسام،
تۈمۈر قەپەس ئىكەن مۇھەببەت!

2011 ـ يىلى 17 ـ دېكابىر. خوتەن

# غېرىبلىق قەسرىدە ئۆلۈپ كېتىمەن

غېرىبلىق قەسرىدە ئۆلۈپ كېتىمەن،
ئۆلۈكۈم قەبرىدە ياتماس ئەبەدىي.
قورقۇنچ ئىچىدە كۈلۈپ كېتىمەن
قەبرىنىڭ تېمىغا مۇشتلاپ ئەسەبىي.

زۇلمەتلىك قەلبىمدە گوياكى بىر گۈل
توختىماي ئېچىلىپ تۇرىدۇ جۇل - جۇل.
ئەينەككە قارىغان ئاسىي پەرىشتە
كېلىدۇ سۆيگۈنى نىشانلاپ ئۇدۇل.

ئۆلۈمدۇر سۆڭەكنىڭ نەي تۆشۈكلىرى،
ھايات ھەم ئايالدىن ياسالغان كارىۋات.
نەي چېلىپ كارىۋاتتا مۇھەببەتكە ئېھ
بېرىمەن تاشتىنمۇ قاتتىق قەسەمياد...

2011 - يىلى 19- دېكابىر. خوتەن

www.uyghurkitap



# مەندىكى كېسەلنى قايسى ئۆلتۈرەر

مەندىكى كېسەلنى قايسى ئۆلتۈرەر،
يار بىلەن شېئىردىن باشقا قايسىسى؟
چۈشۈمنى كارىۋاتقا قايسىسى ئويار،
يىغلىغان كۆلكەمنى ياشقا قايسىسى؟

كۆڭلۈمنىڭ تارىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى،
دەردلىرىم ئالەمگە چېچىلىپ كەتتى.
مەندىكى ئايالنى قوۋۇرغام دېدىم،
يالغۇزلۇق ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتتى.

كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە ماڭىدىغاندا
ئالدىمغا ئۇچرىغان ئالەم قەلەندەر.
تاڭ ۋە تۈن ئاق، قارا ئىككى يۈزۈمدە
ئەبەدىي ئۇچمەنلىك بىلەن لەپىلدەر....

2011 ـ يىلى 19 ـ دېكابىر. خوتەن

## قەدىمكى سەھرادا بىر مالچى بالا

ئاجايىپ سۆيۈشتۇر ياردىن ئايرىلىش،
قۇپقۇرۇق قەدەھنى كۆتۈرۈپ ئىچىمىز.
ئاجايىپ ئۆلۈمدۇر ياشاشنىڭ ئۆزى،
چۆل بولۇپ يۈرەككە ئاقىدۇ دېڭىز.

مەن دارغا ئېسىلاي دېگەن چاغدا يار
يىلاندەك چىرمىشار سۇمبۇل چاچلىرى.
مەن كېتەي دېگەندە باغلاپ ئىشتىياق
كۆڭۈلگە خەت يازار قەلەم قاشلىرى...

قەدىمكى سەھرادا بىر مالچى بالا
ھەر كېچە ئۇخلىماي چۈشەيتتى شەھەر.
كۆردى ئۇ ئۆزىنى يارغا يامىشىپ
بىنانىڭ ئونىنچى قەۋىتى قەدەر...

2011 ـ يىلى 20 ـ دېكابىر. خوتەن

# ئىشقنى چەكسىزلىكتە ئەمەس — ئىشقنى چەكسىزنچۇ بىر دەم تۇرۇپ يار

ئىشقنى چەكمەكتە قاردەك لەپىلدەپ
ئاندىرىسىن سەرەڭگە ساتقان يېتىم قىز.
يېتىم قىز يىگەندە غاز كاۋىپىنى
چۈشۈمدىن ئويغىنىپ كەتتىم تۇيۇقسىز.

شۇنچە قار قانداقمۇ پاتقاندۇ دېدىم،
ئاسمانمۇ كۆڭلۈمدەك ئوخشايدۇ كەڭرى.
قارنى كىم ياغدۇردى؟ دېدىم ئىچىمدە،
ئۇندا بار ئوخشايدۇ چوقۇم بىر تەڭرى.

ھەشقاللا ئەي تەڭرى، ئاسمانغا يەردىن
قۇدرىتىڭ يېتىدۇ ياغدۇرماققا قار.
بۇ قارلىق كېچىنى بىللە كەزگىلى
ئىشقنى چەكسۇنچۇ بىر دەم تۇرۇپ يار!...

2011 ـ يىلى 20 ـ دېكابىر. خوتەن

# قار ياغدى خىيالدەك لەيلەپ، لەپىلدەپ

قار ياغدى خىيالدەك لەيلەپ ـ لەپىلدەپ،
خىيالدەك قار بىلەن چۈمكەلدى يوللار.
ئېتىپ بىر ـ بىرىگە ئاپپاق كۆڭلىنى
يۈرىدۇ كوچىدا قىزلار، ئوغۇللار.

مۇھەببەت مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ
قار كەبى ئاپپاق ھەم ئۆمرى بەك قىسقا...
مۇشۇنداق ساپمىدۇ ئەقىدىمۇ ھەم
قار كەبى پاكىز، ئاياغ ئاستىدا؟...

چۈشەندىم، ئۆلۈۋالغان قىزلارنى ھەمدە
سۆيگۈدىن ۋاز كەچكەن يىگىتلەرنى مەن؛
مۇھەببەت تۈگىسە، نە قىلسۇن ئۇلار
ياشاپ بۇ سۆيگۈسىز ھاياتنى قەستەن؟!

2011 ـ يىلى 22 ـ دېكابىر. خوتەن

www.uyghurkitap

## ئەي جېنىم، جان نەدە ساڭا بەرگۈدەك

ئەي جېنىم، جان نەدە ساڭا بەرگۈدەك،
تۈرىمەن ئۆمرۈمنى ياشاپ مەن ئاران.
بىر كۈنى راستتىنلا ئۆلۈپ قالسام مەن
سېنىڭكى قېشىڭغا بارالارمۇ جان؟

سەن مېنى تېنىمنىڭ ئېچىدە دېسەڭ،
ئۇخلايمەن بوۋاقتەك غەمسىز، شادىمان.
ۋەلېكىن قەلبىڭدە تۇراي قانداقمۇ
ئاچ - زارلىق ئىچىدە كۆتۈرمەي چۇقان؟

كوچىلار بىر - بىرلەپ چىقماقتا يولدىن،
ئادىشىپ كەتمەكتە بىنالارمۇ ھەم.
جېنىڭنى كۆتۈرۈپ چىقارسەنمۇ ھە،
بىر دەھشەت ئۆلۈمدە ئىشىكنى چەكسەم؟

2011 - يىلى 22 - دېكابىر. خوتەن

## شەھەردىكى قىش

سوكۇلداپ يۇرەر قىش شەھەر ھۆسنىدە،
شۈۋىرغان ـ سوغۇق ئىت، سالپايغان تۇكى.
كۆتۈرۈپ يۈرىمەن كەچكىرگىچە تا
تاغلاردەك ئېغىردۇر تېنىمنىڭ يۈكى.

ماشىنا تۇيۇقسىز قىلار قاتىللىق،
چەكچەيگەن كۆزلىرى يانار تۇماندا.
كوچا، بىر دەھشەتنى كېسىپ ئۆتىمەن،
ھايات ۋە ماماتىم قالار گۇماندا.

تامنىڭ ئەك ئاستىدا جەسەت سۆڭىكىم،
سۆڭەكنىڭ نامەلۇم سۇلالىسىدە،
مۇزلىغان روھىمنى ئىسسىتاي بىردەم
چاي ئىچىپ ئۆلۈمنىڭ پىيالىسىدە...

2011 ـ يىلى 23 ـ دېكابىر. خوتەن

# جاھاندا ئەڭ گۈزەل ئايال قەيەردە

جاھاندا ئەڭ گۈزەل ئايال قەيەردە؟
جاھاندا ئەڭ گۈزەل ئايال يالڭاچ.
كىيىمنى سېلىشتىن قورقمەن شۇڭا
گۈزەللىك ئالدىدا بولۇپ نائىلاج.

نە قىلسۇن شېئىر ھەم نە قىلسۇن ناخشا؟
ئەڭ گۈزەل ئايالنىڭ يالڭاچلىقى
چىنلىقتىن بەتتەررەك كۆرۈنەر ساختا.

تېخچە ئۈستۈمدىن سېلىپ بولالماي
قىرىق يىل كىيگەن بۇ كونا جاھاننى،
نە قىلاي بېشىمغا كىيىپ مەن يەنە
ئاياللار سېلىۋەتكەن ئەسكى چاپاننى؟!

2011 ـ يىلى 23 ـ دېكابىر. خوتەن

# بۇ قەلبىم ـ كىملەرنىڭ ئۆيى، بىلمىدىم

بۇ قەلبىم ـ كىملەرنىڭ ئۆيى، بىلمىدىم،
تام سارغۇچ، خىرە ھەم، جۇلالايدۇ قان.
بېشىمنى سىلايدۇ ئۆلۈم، گويا ئۇ
مەن ئۇزاق يىللاردىن سېغىنغان جانان.

كارىۋات چۈش قوينىدا كەتكەن ئۇيقۇغا،
تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرار بىر يىلان.
دېرىزە ـ ئەينەكتىن يىراق بىر دېڭىز،
ئۆرلەيدۇ دېڭىزدىن قايغۇلۇق تۇمان.

بۇ قەلبىم ھېچكىمنىڭ ئۆيى بولمىسا،
كىمدۇر ئۇ بۇ ئۆيدە يىغلاپ ئولتۇرغان؟
كۆز ياشنىڭ رەھىمسىز شامالLIRIدا
كىمنىڭ يۈرىكى ئۇ تۆكۈلگەن خازان؟!

2011 ـ يىلى 27 ـ دېكابىر. خوتەن

www.uyghurkitap

## كۆزۈڭدىكى ئاسماندا

بىرىنچى ئاسمانغا چىقىپ كۆزۈڭدىن
بىر غېرىب يۇلتۇزغا دەردىمنى تۆكۈپ،
ئىككىنچى ئاسمانىنىڭ دېرىزىسىدىن
سەكرىدىم باغرىڭغا ئۆكسۈپ، ئۆكۈنۈپ.

سۆيگۈنىڭ ئاسمىنى نەقەدەر ئېگىز،
يۇلتۇزدىن يۇلتۇزغا تارتىلغان يوللار.
بەلكىم شېئىر ئەمەستۇر، بەلكىم... بۇ يولدا
دەردىمنى توشۇغان كونا هارۋىلار.

يۇلتۇزدىن يۇلتۇزغا ماڭدىم ئىبە، تېرىپ
هارۋىدىن تۆكۈلگەن دەردلىرىمنى مەن.
ئەگەر بۇ يوللاردا قالسام مەن ھېرىپ
يۇمۇۋال، يۇم بىردەم كۆزلىرىڭنى سەن...

2011 ـ يىلى 27 ـ دېكابىر. خوتەن

## ئەدەبىيات مەكتەپىنىڭ قوناقلىقىدا

ئەدەبىيات مەكتەپىنىڭ قوناقلىقىدا،
كىتابتىن ھۇررا دەپ قاچاتتى خەتلەر.
تولاتتى ئەڭ مۇڭلۇق شېئىرلار بىلەن
قىزلار بەرگەن تاپشۇرۇق دەپتەر.

كۆزۈمدە قۇچاقلاپ دائىم مەن سىنى،
قاپقارا كۆزۈڭدە ئۆلۈۋالاتتىم.
جەستىم يېنىدا كۆرسەم مەن سىنى
جېنىمنى سىقىمداپ تۇرۇۋالاتتىم...

ئويلىسام ساۋاتسىز قالغان ئىكەنمىز
مۇھەببەتنىڭ مەكتەپلىرىدە.
كەل جېنىم، قايتىدىن ئەبەدىلئەبەد
بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇيلى بىللە.

2011 ـ يىلى 27 ـ دېكابىر. خوتەن

## گۈل بىلەن بۇلبۇلنى كۆڭلۈمگە سىزدىم

گۈل بىلەن بۇلبۇلنى كۆڭلۈمگە سىزدىم،
غېرىبىنىڭ شەھرىدە سەنەمنى كۆردۈم.
ئاي بىلەن قۇياشنى بىر يىپقا تىزدىم،
زۇلمەت قوسۇۋاتقان قەلەمنى كۆردۈم.

قەدىمكى بىر قىزنىڭ شېئىرلىقىنى
بىلەتتىم، ئۇنىڭ قىز ئەمەسلىكىنى...
بىلەتتىم، شېئىرنىڭ ھاياتتىن قېچىپ
ئۆلۈمگە باغلانغان ھەۋەسلىكىنى...

بىلەتتىم، مۇھەببەت گويا بىر ئايال،
بىلەتتىم، مۇھەببەت گوياكى ۋەتەن...
سۆيسەم قول بولاتتىم، سۆيمىسەم ئاسىي،
روھىمدا شاراقلاپ تۇراتتى كىشەن...

ئەي ئايال، ئەي سۆيگۈ، ئەي قۇياش... سىلەر
قەلبىمگە قەلەندەر ئۈچ دىۋانىمۇ؟
شېئىرلىرىمنى يىرتىپ تاشلىسام
سىلەر زەھەر تولغان ئۈچ پىيالىغۇ...

2011 ـ يىلى 28 ـ دېكابىر. خوتەن

# چۈشۈمنى كۆرمەكتە تامدىكى رەسىم

چۈشۈمنى كۆرمەكتە تامدىكى رەسىم،
گويا كى ئۆلگەندەك ھاياجان بىلەن.
غىچىرلاپ، غىچىرلاپ نالە قىلار جان،
ئۆزۈمنىڭ ئىشكىنى ئىچىپ كىرىمەن.

ئىچىمدە دىلبەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرى،
قەبرىلەر يۈگۈرەيدۇ ھاياتقا قاراپ.
قىزىلگۈل بەرگىدەك بويايدۇ قانغا،
ئاچ قالغان قىرىق ئىت قەلبىمنى تالاپ.

دەھشەتكە تارتىلغان بىر ئارغامچىدا
ئۆلۈمنىڭ ئۆلۈكى ئېسىلىپ تۇرار.
تۈنۈگۈن مەن تۇرغان بۈگۈنكى يەردە
تۇزۇماس ئەبەدىي مۇھەببەت ـ باھار!

2011 ـ يىلى 29 ـ دېكابىر. خوتەن

## مەن ئەمەس ئاياللار يېتىلگەن ئىت

زىمىستان قويىندا تۇرامسەن باھار،
كەلمەمسەن گۈلۈمنى ئېچىلدۇرغىلى.
چاقىرىپ تۇرامسەن يارنىڭ قويىندا
مېنى دار ۋەسلىگە يۈكۈندۈرگىلى؟!...

چىراغدىن خۇش پۇراق تارقاتماقتا ئوت،
كۆزۈمدە مۇزلىغان بىر پىيالە سۇ.
شۇ قەدەر زۇلمەتتۇر ئىچىمدىكى تاڭ،
ئۆلگەندەك بۇ ياشاش شۇنچە قاراڭغۇ.

جەستىم تېنىمدىن چىقىپ كەتمەكتە،
گاھى بىر قەبرىلەر ئاڭا قونالغۇ.
مەن ئەمەس ئاياللار يېتىلگەن ئىت،
مۇھەببەت گۈلدىنمۇ گۈزەل بىر قايغۇ!

2011 ـ يىلى 30 ـ دېكابىر. خوتەن

# مەن بۈگۈن ...

مەن بۈگۈن ئۆزۈمگە پىچاق تىقىپلا
كۆرىمەن شارقىراپ ئاققان قېنىمنى.
ئۈزنىپ قويىمەن تەگرىم قېشىغا
ئۇزۇن يىل دەرد تارتقان غېرىب جېنىمنى.

ئايالدەك ئەخلاقتا كۆنەلمىدىم مەن،
نە ۋىجدان بار مەندە قۇربان بولغۇدەك؟
شېئىردىن ياندۇرۇپ دوزاخ ئوتىنى
نە جەننەت ئىشقىدا بولدۇم پايپېتەك؟!

خەلقتەك ئەگىشىپ يۈرگۈم يوق مېنىڭ،
ھېچكىمگە ئەگەشمەي ماڭاي مەن ھامان.
ۋارقىراپ چىققان جان دەھشەتلىك قانچە،
ئاھ، قانچە ھەيۋەتلىك شارقىرىغان قان؟!

2011 ـ يىلى 30 ـ دېكابىر. خوتەن

# كۆندە بىر قۇياش

كۆندە بىر قۇياشنى كۆرىدۇ كۆزۈم،
كۆندە بىر كۆندۈزنى قاراڭغۇ قىلىپ.
كېچە بىر ناخشىنى ئېيتىپ كېلىدۇ
پەرىشان كۆڭلۈمگە قولىنى سىلىپ.

كۆرۈنگەن تاغدىكى يىراق بىر چىراغ،
پىلىلداپ ياندۇ دىلدىكى پىراق.
چىراغىنىڭ ئاستىدا يازىمەن شېئىر،
قەلبىم بەك قاراڭغۇ، قاراڭغۇ بىراق.

ئېزىقىپ كېتىمەن بەزى خىيالدىن،
بەزىدە ئۆزۈمدە تۇرىمەن جىمجىت.
تېخىچە ئۆزۈمنى تۇغالمىدىم مەن،
ئۆلگىچە ياشايمەن دېگىنىم، ئىسىت!

2012 ـ يىلى يانۋار. خوتەن


## تەن گۈللۈكىڭىزدە ئۇخلايمەن

... مېڭىپ ـ مېڭىپ
سىزدە توختايمەن.
 ھېرىپ قالسام
تەن گۈللۈكىڭىزدە ئۇخلايمەن.

تېنىم تېنىڭىزدە چۆل
جېنىم جېنىڭىزغا ماڭغان كارۋان.
لېۋىڭىزدىن ساڭگىلىغان شاخلاردا
لەۋلىرىم مەي باغلىماقتا ...

بىر ئىتمەن
تەقدىر بوسۇغىڭىزغا باغلاپ قويغان.

2012 ـ يىلى 25 ـ ئاپرېل. خوتەن



# سىم ـ سىم ياغار خىياللار، ئويلار

1

سىم ـ سىم ياغار خىياللار، ئويلار
دىل ـ دىللاردا سۆيگۈ جۇداسى.
ئاخىرلاشقان ماتەملەر، تويلار،
يول ـ يوللاردا ھىجران ساداسى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ياشنى
قۇرۇتمىغىن مۇھەببەت ئۈچۈن.
ئەي ... شېئىردىن يارىلانغىن دىل،
ئەي ... يىراققا كەت قەلبىم بۈگۈن!

2

ئاسمان چۈشەر كۆكسۈڭگە لەيلەپ،
ئۇخلاپ قالدىڭ بۇلۇتلار ئارا.
لېۋىڭدىكى باغلارنى كۈيلەپ،
كېيىنكەمەن يۈرىكىم يارا.

نەدە ئۆلۈم ئاخىرلاشقان جاي؟
سىنىڭ تېنىڭ، سىنىڭ ئاھ نىچۈن!...
كەلدىم قېچىپ سوغۇق دۇنيادىن
قۇچىقىڭغا ئال مېنى بۈگۈن!

3

گۈل كەشتىسى يىرتىلىپ كەتتى،
ئاشىق يۈرەك بولدى بىر بۇلبۇل.
ئازاب ئۆلۈپ مۇرادقا يەتتى
خۇشاللىقنىڭ دەردىدە جۇل ـ جۇل.

چۈشۈمدىكى كارىۋاتتا يالغۇز
تولغىنىسەن قەلبىم كىم ئۈچۈن؟
يار ئۆلدى! دەپ توۋلار بىر يۇلتۇز،
كەت يىراققا، كەت قەلبىم بۈگۈن!

4

بىلمىگەنمەن، ئىشەنمىگەن ھەي،
سۆيگەن يۈرەك دىسە قەلەندەر.
تۆكۈلدۈ ئاياغلىرىدىن
خازان بولغان قىپقىزىل گۈللەر ...

ئىشەنمىگەن كۆز يېشىغا مەن،
قۇرۇپ كەتتى كۆزلىرىم لېكىن..
دۇنيادىكى
ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە كۆز ياش
پاناھ ساڭا ئەي قەلبىم بۈگۈن!

2012 ـ يىلى 26 ـ ئاپرېل. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# يارنىڭ چوغدەك قىزىل ياغلىقى

يارنىڭ چوغدەك قىزىل ياغلىقى
يەلپۈنمەكتە قانلىق يۈرەكتە.
يۈيۈنماقتا كۆڭلۈمدىكى دەرد
باھاردىكى تۈنجى چېچەكتە.

گۈگۈم رەڭلىك سۆيگۈ قاچىسى
تولدى نۇرلۇق يۇلتۇزلار بىلەن.
قەلبىمدىكى توپىلىق يولدا
يالاڭ ئاياغ كەلمەكتە ۋەتەن.

ئاستا، ئاستا مەندىن باشقا كىم
ئۆلۈملەرنى ئۆلتۈرۈپ كېلەر؟
چىرىغىڭنى ئۆچۈرمە ئانا،
قۇياش چىقماس بەلكىم بۇ سەھەر!...

2012 ـ يىلى 26 ـ ئاپرېل. خوتەن

## ئۆلتۈرۈۋېتمەن ئۆزۈمنى

ئۆلتۈرۈۋېتمەن ئۆزۈمنى
ئۆلۈم دولقۇنلىرىدىن سۈزىمەن بىر جۈپ كۆزۈمنى.
يالغان دۇنيانىڭ قەبرە خادىسىغا
قاداپ قويىمەن بايراقتەك
ئاق ۋە قارا ئىككى يۈزۈمنى ...

مېنى كېچىلەرگە ساتقان قۇياش
چۈش كۆرۈۋاتقان چولپاننىڭ يورۇقىدىكى كارىۋاتتا
يېرىم كېچە، قىزنىڭ قانلىرى
ئۇلۇغ - كىچىك تەندىكى تىترەك
ئاھ! ...
قاننى قانداق قىلىمەن بايان؟!

ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ...
مېنىڭ ئايال بولغان مېھمىنىم
قوۋۇرغامدىن كەت يىراق.
مېنى بىللە ئېلىپ كەت
مەن ... ئۆلۈشتىن ئىلگىرى بىراق ...

2012 - يىلى 8 - ماي. خوتەن

# جېنىڭغا بىر قەدەم قالغاندا ئۆلدۈم

تېنىڭدىن ئارقامغا قايرىلالمىدىم،
جېنىڭغا بىر قەدەم قالغاندا ئۆلدۈم.
تېنىمدىن تېنىڭگە ماڭغاندا قەلبىم
مۇھەببەت كۆز يېشى قىلغانغا كۆلدۈم.

چۆل بەلكى ئاسمانىنىڭ شىرە چورۇقى،
مەن بەلكى بورانىمەن بارخان توقۇغان.
سەن بەلكى قۇياشنىڭ يېرىم يورۇقى،
مەن سېنىڭ كۆزۈڭدىن شېئىر ئوقۇغان.

2012 ـ يىلى 10 ـ ماي. خوتەن

## زەرەتگاھتنكى ئوت

كمنلڭ جبنى تبخى كۆچمگەن؟
كمنلڭ ئشقى تبخى ئۆچمگەن؟!...
ئوت
لاۋۇلدايدۇ ئاشق يۈرەكتەك.
يۈرەك ـ
لەپلدەيدۇ قىزىل كۆڭلەكتەك.
قىزىل كۆڭلەكلك بر توپ ئەرۋاھلار
ۋارقىرايدۇ:
سۇ ...
سۇ ...
سۇ
قۇرۇپ كەتمەس ئوتنڭ ئچدە.
ھايات
يالقۇنلايدۇ ئۆلۈم ئچدە.
زەرەتگاھتن ئۆتتۈم ئۆلۈكتەك
چۈشۈمدكى يىرىم كېچدە.

2012 ـ يىلى 30 ـ ماي. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap

# سالام ئانا، دوڭغاق سەھرا

1

سالام ئانا، دوڭغاق سەھرا
سەھەر، كەچتە يانغان چىراغ.
گۈگۈمدىكى قىبرى جىنلار،
چاچلىرىدا ئۇلاق ـ ئۇلاق ...
سالام
قىغ تۇشۇغان ئەسكى تاغار،
مۇھەببەتنىڭ قوناقلىقى.
جۇل تاملىقتا يىغلاۋاتقان
تۆشۈكلەرنىڭ ئوماقلىقى.
مەن
مۇھەببەتكە كېچىكمەيمەن.

2

نېمە بىلەن نېمە يىراق؟
كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈل يىراق.
نېمە بىلەن نېمە يېقىن؟
كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈل يېقىن.
نېمە ئۇچۇن نېمە يېنىك؟
ئاشىق ئۇچۇن كۆلپەت يېنىك.

نېمە ئۈچۈن نېمە ئېغىر؟
كۆلۈپ تۇرغان ھەسرەت ئېغىر.
مەن
جۇدالىقتا چېچەكلەيمەن.

3

سالام سەھرا، دولقۇنغاق ئانا
چىت تامباللىق قىزىل ئاپتاپ.
پىسىر ـ پىسىرشامال ھارۋا
بوسۇغامدا ئۆتكىنى توختاپ.
يارنى قوغدار كېچە ـ كۈندۈز
يۈرىكىمگە باغلانغان ئىت.
ھاۋ، ھاۋ ...
يارىم بۇنى بىلمەس، ئىسست!
نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن
سۆيگۈ ئۈچۈن، سۆيگۈ ئۈچۈن ...
مەن
شېئىرلاردا كېكەچلەيمەن؟!

2012 ـ يىلى 13 ـ ماي. خوتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

## يەر قاراپ ياتار ئاسمانغا

يەر قاراپ ياتار ئاسمانغا
ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرىنى ئىزدەپ ماڭار داستانغا
چۆل ئىچكىرىلەپ كىرەر قەلبىدىكى ئىسيانغا
مەن
سۈكۈت ھارۋىسىغا خىيال ئېتىنى قېتىپ
ماڭارمەن ئەرشتىكى بوستانغا.
ئايارەي
مېنىڭ يولۇم يار يولدۇر،
ھالقىپ ئۆتىدىغان تاغ ـ ئۆزۈمنىڭ بېشى
ئۈزۈپ ئۆتىدىغان دەريا ـ ئۆزۈمنىڭ يېشى
لەپىلدەپ تۇرىدىغان تۇغ ـ ئۆزۈمنىڭ قېنى
كۆكسۈمگە تېگىدىغان ئوق ـ ئۆزۈمنىڭ جېنى
ئاخىر
تۇپراق بولۇپ ئاسمانغا قاراپ ياتارمەن
ئىگەمنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سېلىپ ...

2012 ـ يىلى 13 ـ ماي. خوتەن

# مېنى قوغلىۋەت

بولدى، بولدى مېنى قوغلىۋەت
تېنىڭدىكى تەكلىماكانغا.
مۇھەببەتنىڭ دىۋانىسىدىن
قايتا كەلسۇن قەلبىم جاھانغا.
قەدەھتىكى مەست تۆگىلەردەك
ھەيدىۋەتكىن مېنى ئۆزۈڭدىن ...

مېنى شامال دېگەن قايسى تاش؟
مېنى قۇياش دېگەن قايسى تاغ؟
ئىچىمدىكى قەبرىدە يالغۇز
ئولتۇرسام مەن ياندۇرۇپ چىراغ.
ئەي
گۈلسىز ئايال قانداق شېئىردۇر؟
يارسىز يۈرەك قانچە ئېغىردۇر؟ ...

مەن بولمەن، مەن بولمىسام مەن
نېمە قىلۇر مەندە بۇ ئازاب.
ئەي
ئەزەللەردىن چاپتۇرۇپ ئاتنى
كەلمەكتىمەن ئۆزۈمگە قاراپ!

2013 ـ يىلى 17 ـ فېۋرال. خوتەن

www.uyghurkitap تۈيغۇر كىتاب تورى

# سۆيۈپ يىغلا، سۆي مەن لۆكچەكنى

سۆيۈپ يىغلا، سۆي مەن لۆكچەكنى،
چۈشەنمەيدۇ قەلبىم چۆچەكنى،
قەدىمدىنمۇ قەدىم زاماندا
ئەي
تۇزۇتمىغىن باھاردىكى تۇنجى چېچەكنى ...
قەلبىم ياۋۇز، بەئەينى ئاچ ـ زار
قان ئىچىدە تۇرار چېكىپ ئاھ.
تېرىتۇالغىن سۆيۈشلىرىمنى
قەلبىمدە لىق ئازابلىق گۇناھ.
مەيخانىنى لېۋىڭدىن بىلەي
مەست بوپ قالسام ئېتىكىڭنىڭ ئاستىدا
يوشۇرۇپ قوي، سېنى مەن سۆيەي ...
يامغۇر كەبى شار ـ شار قان مۇقام
ياڭرار بىزنىڭ سۆيگۈمىز ئارا.
بىز ئەبەدىي سۆيۈشەلمەيمىز
لەۋلەشمىگەن بىزنىڭ سۆيگۈمىز
مەن لۆكچەكنى سۆي ئەي جان شېرىن
بولسۇن سېنىڭ يۈرىكىڭ يارا ...


2012 ـ يىلى 26 ـ فېۋرال. خوتەن

# ئاستا ...

ئاستا كەلگىن، تېنىڭ قېچىپ كەتمەستە
ئاستا توختا، قېنىڭ قىزىل بولماستا
ئاستا ياتقىن، جېنىڭ بولۇپ يالىڭاچ
كەتكۈچە ھەم توزۇپ ئۆلۈم گۈللىرى
ئاستا ...
سۆيمە، ئازاب بەك شېرىن،
سۆي، شادلىقنىڭ لېۋى يوق.
سۆيۈشكەنلەر كۆكسىگە
دۇنيا تىنماي ئاتار ئوق.
مەيلى
سۆيەيلى
سۆيەيلى بىز ئۆلۈپ تۇرۇپ.
ئۆلەيلى
ئۆلەيلى بىز سۆيۈپ تۇرۇپ.
...
دۇنيا بىزنى تۈگىتەلمەيدۇ
تۈگىتەيلى دۇنيانى سۆيۈپ.
ئۆلۈم بىزنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ،
ئۆلتۈرەيلى ئۆلۈمنى، ئۆلۈپ ...

2013 ـ يىلى 6 ـ مارت. خوتەن

توغراق كىتاب تورى www.uyghurkitap



# ئوغلۇم ۋە كېسەل

ساينىڭ يالغۇز قالغان تاشلىرىنى
تاشنىڭ قېتىپ قالغان ياشلىرىنى
ئوتنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى
سۇنىڭ قۇرۇپ قالغان لەۋلىرىنى
قېرى جىن ئۇخلاپ قالغان كونا تامنى
ئازاب شاراب ئىچكەن پۇچۇق جامنى
كۆرسەتمە، ئوغلۇم كېسەل، ئوغلۇم كېسەل
بۇ دۇنيا بىردەم ماڭا، بىر دەم ساڭا ...

نېمانچە سۆيۈملۈكتۇر تۆشۈك يۈرەك؟
نېمانچە سۇزۇكتۇر ھە نېپىز ئۆپكە؟
نېمانچە ئۇزۇندۇر ھەم ئۇزۇك ئۈچەي؟ ...
ئوكۇل تامچىلايدۇ توختاپ ـ توختاپ
كامىل يىغلاپ ـ يىغلاپ قالدى ئۇخلاپ.
قاراپ ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىگە
كۆز يېشىم كىرپىكىمدە قالدى توختاپ.
مەن مۇھەببەتنى كېسەل دېدىم
مەن بەكمۇ ئېغىر كېسەل ئىدىم
كېسەل
مېنىڭكى توققۇز ئايلىق ئوغلۇم كامىل!

2013 ـ يىلى 12 ـ مارت. خوتەن

## ئۆزۈڭنى ئۇنۇت

ئالەمنى تاشلىۋەت، ئۆزۈڭنى ئۇنۇت،
رەببىڭنىڭ ئالدىدا، يارنىڭ ئالدىدا.
ھاياتنى تاشلىۋەت، ئۆلۈمنى ئۇنۇت،
مۇھەببەت ئېسىلغان دارنىڭ ئالدىدا.

ھايات ـــ بىر ئادەمنىڭ جەبرىسى ئەسلي،
تەقدىر ـــ بىر ئادەمنىڭ سەبرىسى ئەسلي،
سۆيگۈ ـــ بىر ئادەمنىڭ قەبرىسى ئەسلي ...
يار دېسەڭ يالغۇز بول دېدى بىر كىتاب!

2013 ـ يىلى 5 ـ ماي. ئۈرۈمچى.


# يارىيار تۇرپان

مۇھەببەت چۆللىرىدە غېرىب ـ غۇرۋا يارىيار تۇرپان
ئىشق مازارىدا بىر ئۆلۈمگە ھازىدار تۇرپان
ئۆزۈم كۆرگىچە سۆزۈم يۈرگەن نەزم ـ غەزەللەردە
سۆيگۈ قىلىچىدىن يارىدار تۇرپان
تۇرپان ...
كەلدىم ئۆشنەمگە ئارتىپ غېرىبلىقىنىڭ جەندە ـ كۇلاسىنى،
ئادايى مەن قەلەندەر، سازايى بولغىلى ئەپسانىگە كەلدىم.
شېئىرلاردىن مۇھەببەتتەك يىرتىلىپ جۇل ـ جۇل
شامالدەك يورغىلاپ سەيلانىگە كەلدىم.
ئۇياندا بىر مۇنار، ئاڭا ئاسمان ئېگىلگەندۇر
بۇياندا بىر غېرىب قەبرە، ئۇنىڭ كۆڭلى چېگىلگەندۇر
ئېگىلدى يا چېگىلدى ... كىشى بىلمەس، خىيانەتتە
يۈزۈم قىبلىگە، كۆڭلۈم يارغا، بۇ ئىبادەتتە
جىنىم جان بولمىدى ئاھ، ئۆلۈپ كۆرمىگۈچ رىيازەتتە
دەر مىنى بارچە ئەل: بۇزدى ئىتائەتنى
بولۇپ يار ئاشىقى، تەلۋە مۇھەببەتتە ...
خوتەن قاچ ـ قاچ دىدى، مەن قېچىپ ئاستانىگە كەلدىم.

سۇنىڭ قەبرىسى يەر ئاستىدا سالقىن گۆرىستانلىق،
دىدى ئابدىسىم: كارىز، قىلىۋر ئۇ چۆلنى گۈلستانلىق.
دىدى ئالىمجان: بۇ قەبرىدە شائىر ياتۇر،

كۆزۈم قان يىغلىدى، كۆڭلۈم مۆكۈپ خىلۋەت ـ خىيابانىدا
ئۆلۈمنى ئۆلتۈرەتتىم تەن بىلەن جانىدا ...
تالاي قەبرىلەرنى كېلەتتىم ئۆشنەمگە ئارتىپ،
لېكىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى قالدى تۇرپاندا.

2013 ـ يىلى 25 ـ ئىيۇن. تۇرپان



# ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەبرىسى

1

قەبرە جىمجىت، تۇرار ئۇخلاپ قالغاندەك،
مېنى ئۇزاق كۈتۈپ كۆزى تالغاندەك.
قەبرە، قەبرە ... سۈكۈت، سۈكۈت ... ھەممە ياق
ئۆلۈم راست ئاھ، گويا ھايات يالغاندەك.

ۋارقىرىدىم سۈكۈتتىكى تاشلارغا،
قىمىرلىدى قەبرىلەرنىڭ خادىسى.
يۈگۈردۈم مەن ئىختىيارسىز ئۆزۈمگە
تارتىلغاندەك تەقدىرىمنىڭ تانىسى.

خۇدا
ماڭا بەرگىن مەن ئۆلگۈدەك زەھەرنى
تۈنجى ئۆلۈم كۈنىدىكى سەھەرنى.
بەرگىن كېچە كۆزلىرىدىن بىر يۇلتۇز،
بەرگىن
گۆردىن يەنە بىر ئالەمگە سەپەرنى.
كۈندۈز قۇياش چىقمىغۇچە قاراڭغۇ،
قۇياش پېتىپ، تاڭ ئاتتى ... دەپ خەۋەرنى.
...
ئۆزۈم كۈلۈپ، ئۆزۈم يىغلاپ ياشايمەن،

يارغا تىكىپ ياشقا تولغان كۆزۈمنى.
ئاھ ئۇرمەن قۇل بولالماي يارغا مەن
ئۆزۈم باغلاپ، ئۆزۈم يېشىپ ئۆزۈمنى.
خۇدا
سۆيگۈ بەرگىن، ئۆلسەم قەبرە بولغۇدەك!

2

بۇ قەبرىدە شائىر ياتۇر دېدى كىم،
ئۆلگەن چاغدا ھەركىم ياتۇر قەبرىدە.

خىتاب قىلدىم: نىچۈك ئۆلدۈڭ ئەي شائىر،
بار ئىدىغۇ سېنىڭ ئەلگە كېرىكىڭ.
داۋام قىلاي ئىشلىرىڭنى ئەمدى مەن،
ئېيتىپ بەرگىن، نەدە شېئىر قىلىچىڭ؟

دېدى شائىر: ئۆلدۈم، ئىشىم تامامدۇر،
قىلغىن سەنمۇ ئۆز ئىشىڭنى بىمالال.
قىلىچ ئەمەس، ئال قولۇڭغا قىزىلگۈل،
ئەنە يارىڭ كەلمەكتە ئۇز، ھۆر جامال ...

دېدىم: نىچۈن قەلبىم مېنىڭ تۇمانلىق؟
دېدى: بەلكىم مۇھەببىتىڭ گۇمانلىق.
دېدىم: سۇنىڭ تەقدىرىمۇ قاغجىراش؟
دېدى: تاشنىڭ سۇكۈتىدۇر ۋارقىراش.

دېدىم: خەلق قەھرىمانىنى بىلگەندە؟ ...
دېدى: دارغا ئېسىلغاندا، ئۆلگەندە ...

تۈيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap

دېدىم: تۈندە يانغان خىرە جىن چىراغ؟ ...
دېدى: ئۆلۈك قەھرىماندىن ياخشىراق ...

دېدىم: ياق، ياق، قەھرىمان بىر قوياشتۇر،
دېدى: شۇنداق، ئۆلگەن چاغدا ياشاشتۇر.

دېدىم: مەڭگۈ ياشاي دەيمەن سەن كەبى،
دېدى: قانداق ئۆلۈشنى بىل مەن كەبى.

— ھا، ھا، ھا ...
— ھا، ھا، ھا ...
دۇنيالارغا كۈلۈۋاتساق ئىككىمىز،
— جۈرئەت، — دېدى ئالىمجان،
شائىر باقىي، مەن پانىيغا يول ئالدۇق.

2013 ـ يىلى 29 ـ ئىيۇن. تۇرپان

# كۆڭلۈمنى شاماللار كەتتى يېتىلەپ

بىر شانلىق ئۆلۈمنى ئىستىگەنسىرى
ئەڭ پاسسىق ياشاشتا ئۆتمەكتە ھايات.
كەلمىگەن كەلمىشكە لەنەت، مىڭ لەنەت،
يۈرىكىم ئاھ، ئەمدى چىقارماس قانات.

كۆڭلۈمنى شاماللار كەتتى يېتىلەپ
قەلەندەر چۆللەردە يارغا يېتەرمۇ؟
ئەجەلگە ئىشىنىپ ياشىغان جېنىم،
ھاياتقا ئىشەنمەي ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟

مېنى سەن ئۆلتۈرگىن، يارىم دەي سېنى،
ئەڭ ئېگىز دارغا ئاس، چېچىلىڭ بىلەن ئاس.
قەبرەمنىڭ ئالدىغا ئۆملەپ كېلىپ
بىر كۈنى قەلبىمنى ئوقۇيدۇ قۇياش ...

2013 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر. گۇما

www.uyghurkitap

# ئۇخلايدۇ چۈشۈمنىڭ كارىۋىتىدا يار

مەنمۇ مەن، بىلمەيمەن، ئايدىڭ كېچىدە
يار بىلەن ئويىنغان ئاينىڭ ئىچىدە؟
يار بەرگەن پىچاقتا كىمنى چانايمەن،
بىلمەيمەن، قەلبىمنى قانغا بويايمەن.

ئۇخلايدۇ چۈشۈمنىڭ كارىۋىتىدا يار،
لەۋلىرى مىدىرلاپ مېنى چاقىرار.
ئاھ، قاچان ئويغىنار، قاچان ئويغىنار؟
ۋۇجۇدۇم پىراقتا قىلدەك تولغىنار ...

كىمكى يار ئىستىسە يىغلار زىيادە،
ئاشىقلىق چۆلىنى كېزەر پىيادە.
مەنمۇ، مەن قەلەندەر بولۇپ كېتەيمۇ،
ئاشىقلىق چۆلدە يارغا يېتەيمۇ؟!

2013 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر. گۇما

## قىزلار شاملى

قەلبىمنى ئۆپمەكتە قىزلار شاملى،
گۈللەرنىڭ نازىدىن ئويغاندى باھار.
شېئىر ياز، شېئىر ياز مۇھەببەت ئۈچۈن،
مۇھەببەت دەردىدە ئۆلۈپ كەتكۈم بار.

مۇھەببەت دەردىدە ئۆلمىگەن كىم بار؟
ئۆلگەندە ئون بەش ياش ئىدى بۇ تېنىم.
ئاخشىمى تىرىلسە، سەھەردە ئۆلۈپ
ئاھ، مېنىڭ سۆيگۈگە قانمىغان جېنىم!

ئەي قىزلار شېئىردىن قېچىپ كەتمەڭلار،
مۇھەببەت كوچىدا قالمىسۇن ئۆلۈپ.
كۇكۇلا چاچلارنى كېسىۋەتمەڭلار،
سەھرالار سۆيگۈدىن كەتمىسۇن كۆچۈپ.

2013 ـ يىلى 7 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ

ئۈنۈمۈز كىتاب تورى www.uyghurkitap

## مەن ئۆزۈمنى كەتتىم سېغىنىپ

لەنگەر تارتىپ ماڭدى كۆزلىرىم
كۆزۈمدىكى چەكسىز ئوكيانغا.
كارۋان تارتىپ ماڭدى كىرپىكىم
كىرپىكىمگە قونغان بارخانغا.
ئۇۋچى بولۇپ ماڭدى يۈرىكىم
كۆكسۈمدىكى خىلۋەت ئورمانغا.
ناخشا ئېيتىپ كىردى ئاھ، جېنىم
تېنىمدىكى يورۇق ئايۋانغا.
مەن ئۆزۈمنى كەتتىم سېغىنىپ ...

ۋاراقلىدىم ۋۇجۇدۇمنى مەن
تۆگىگىچە يەتتە قات ئاسمان.
ۋارقىرىدىم يىرتىلغۇچە، ئاھ
قەلبىمدىكى قايغۇلۇق داستان.
كۆز يېشىمنىڭ جىمجىت سەھرى
يىرتىلماقتا قانىنىڭ كۆڭلىكى
ئاشۇ قىزىل مۇھەببەت ئۈچۈن
تېنىم ئىكەن سۆيگۈ كارۋىنى،
ئۇندا ياتار قۇچاقلىشىپ، ئاھ
ئۆلۈم بىلەن چىرمىشىپ جېنىم.

قەدەھ كەلتۈر ماڭا شارابتىن
شاراب كەلتۈر شېرىن ئازابتىن.
قەلبىمدىكى كوچا ـ رەستىلەر
تولۇپ كەتتى تەكلىماكانغا.
تېنىمدىكى سۆيگۈ جەستى
قۇرۇپ كەتتى تەلمۈرۈپ جانغا.
ئالۋاستىنىڭ تەتۈر چۈشىدە
ئېزىپ قالدى سانسىز ماشىنا.
كۆككە قاراپ ماڭغان بىنالار
ئۆلۈپ قالدى ئاينىڭ قېشىدا.
ئۈندى يەردىن نۇرغۇن ئادەملەر
يۇلتۇزلارنىڭ تۆككەن يېشىدا.
يار ئۈنمىدى لېكىن زېمىندا
مەندەك ئاشىق ئاۋارىلەرگە.
يار ئوينىغان چۆللەرنى ئىزدەپ
كەتتى ئازاب دىۋانىلەرگە.
يارنىڭ شېرىن لېۋىنى ئىزدەپ
كەتتى شاراب پىيالىلەرگە.
كەتتى تاغلار تاجىنى تاشلاپ
غېرىب بولغان بىچارىلەرگە.
كەتتى دېڭىز كۆزىنى ياشلاپ
باغرىدىكى مارجانىلەرگە.
كېتەي مەنمۇ يارىمنى ئىزدەپ
قەدىم، قەدىم ئەپسانىلەرگە ...

2013 ـ يىلى 8 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ

# قاچقۇن

بىر قاچقۇن ئەرۋاھ دەپ بىلىشكەنلەر مېنى،
ئۆلۈمدىن ئاداشقان، گۆردىن قاچقان ...
ھاياتىم گويا يارىمنىڭ ئۆلۈمى،
مۇھەببەت ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ قەبرىستان.

قەلبىمنى يامغۇرغا بېرەي بولۇپتەك،
بىر چۈش دەي، ئويغانغان چېغىمدا كۆرەي.
ھاياتقا ئېچكىرىلەپ قاچقانسېرى، ئاھ
ئۆلۈمدىن باشقا مەن نېمىنى ئۆلەي؟!

ۋە بەلكىم جان دېگەن جانانغا مارجان،
بۇ شورلۇق تېنىم ھەم يارغا سىڭىنچا.
ۋەلېكىن يارىم يوق ئۆلۈپ بەرگۈدەك،
شۇرلاپ ئېيتىمەن: قۇتقاز ئەي خۇدا!

2013 ـ يىلى 9 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ


## يوقسۇل

ياشاشتىن باشقىمۇ يولۇم بارمىدۇ،
جېنىمنى ساقلايمەن نەچچە كۈن يەنە؟
سۆيگۈنى بىر قىز دەپ ئويلىغان بولسام،
ئاھ، مىڭ قىز قەلبىمدە ئۆلۈپ كەتمەكتە.

چەككۈدەك ھەسرەت يوق، قىلغۇدەك نالە،
تېشىممۇ ئىچىمگە بىر ئەسكى چاپان.
يىراقلاپ كېتىمەن چاقىرغانسېرى
يات ھەمدە ناتونۇش ئىسمىممۇ بۇئان.

مېنى بىر كېچىگە تاشلىۋېتىڭلار،
ئازابلىق شېئىردەك، چۈشكۈن ناخشىدەك ...
ۋە بەلكىم بىر ئۆمۈر يانار كۆكسۈمدە
يىراق بىر ئۆتمۈشكە تەلپۈنگەن يۈرەك!

2013 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ



# كەچكۈزدىكى قەلبىم

تۆشلار كېلىدۇ ھېچكىم يوق يەردىن،
كىملەردۇر كەلگەندەك كېتىدۇ ئاستا.
مۇزىكا، ئېسىدەش، كۆز يېشى ئىچرە
ھەسرىتىم ئۇلغىيىپ بولىدۇ دەريا.

ھوقۇشلار زۇلمەتتىن ئايرىيدۇ تاڭنى،
ئەڭ سوغۇق تام بىلەن قورشالغان يۈرەك.
دېرىزە ئالدىدا يىغلايدۇ دۇنيا،
ئاھ، ئاڭا سۆيگۈدىن ئۆزگە نە كېرەك؟

بىلىمەن كەچكۈزنىڭ قايغۇسىنى مەن،
سارغايغان غازاڭغا ئايرىيدۇ ئىچى.
ۋە لېكىن تىپتىنچ كەتكەن ئۇيقۇغا،
دەرەخلەر پۈتۈنلەي ئۆلمىگەن تېخى.

2013 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ

## شېئىر ئىزاھى

ئۇ ئۆلۈم ئىچىدە ياشىغان ھايات،
تۇردۇ ئەبەدىي قىران روھ پېتى.
ئۇ قەبرە ئالدىدىن قايتقان بالىلىق،
دۇنيانى بىزچىلىك چۈشەنمەس تېخى.

ئەركىگە قويىدۇ سۆزلەرنى گاھى،
گاھىدا زەنجىرلەپ قويىدۇ تىلنى.
ئاپپاق قار ئاستىدا شۇرلاپ گاھى
باھارنىڭ ھىدىدىن مەست قىلار دىلنى.

سەن دەيسەن: يېزىلار ۋەتەن ئۈچۈن ئۇ ،
مەن دەيمەن: تۇرسا ئۇ ئۆزى ۋەتەنسىز ...
قەلبتە، كۆڭۈلدە، دوقمۇش ـ دوقمۇشتا
ساناقسىز جەسەتلەر ياتار كېپەنسىز.

2013 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ

# كۆز ياش پىچاق

ئالغىنا سۆيگۈڭنى، كېتەي قۇرۇق قول،
بەختىنى چۈشەنسەم ئازاب ئىكەن ئۇ.
مۇھەببەت ۋىسالى زەھەركەن ئىچسەم،
ئىچمىسەم ئاھ، شېرىن شاراب ئىكەن ئۇ.

يۈرىكىم باغلانغان كارىۋات ئالدىدا
قاۋايدۇ تۈن بويى چۈشۈمدىكى ئىت.
قويغىنا، تار ئىكەن دۇنيا دېگەن ئۆي،
تاملار دەرد ـ ھەسرەتتە ئۆرۈلەر جىمجىت.

تېنىم بىر ئەرۋاھنىڭ ئەسكى چاپىنى،
بېشىم تۈن قاچىسى، قەلبىم يوق بىراق ...
بولدىلا، مەن ئۈچۈن يىغلاۋەرمە ئاي،
يۇلتۇزلار ئاسماندىن يىراق، بەك يىراق.

2013 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ

# ئاشىقلار قاتارى


شېرىن ۋە لەيلىدىن كېيىن كىم كېلەر؟
سەن كەلگىن، ئىشقىمنى ياندۇر سەن كېلىپ.
پەرھاد ۋە مەجنۇندىن كېيىن كىم ئۆلەر؟
مەن ئۆلەي، شۇ ئۇلۇغ ئوتتىن مەن كېلىپ.

يەر كۆككە باقمىسا ئاسمان بولامدۇ؟
كېچىلەر قۇياشقا بارار ئاي بىلەن.
ئاشىقلار ئۆلمىسە داستان بولامدۇ؟
ئۆلگەنگە تۈگمەس مۇھەببەت دېگەن ...

لېكىن مەن ئۆزۈمگە كەينىمنى قىلىپ
قانلىق قان، يىغلاڭغۇ كۆز يېشى ئەمەس.
ئۆلۈكۈم ئۆزۈمنىڭ باغرىدا قالسۇن،
بەس، مەن بۇ دۇنيادا ھېچكىشى ئەمەس!

2013 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



## ياردەك ئۆلۈم

سۆيدۇم ئاھ، يوق بولۇپ كېتمەن ئەمدى،
چۈنكى سەن ئالەمدە يوق بىر پەرىشتە.
كائىنات قىزلىرى شېئىردىن كېلىپ
شېئىرغا قايتالماي يىغلار ئەرشتە.

ئادەملەر ئۆزىگە يىقىلار ئۆلسە،
مەن ساڭا يىقىلسام يۆلىمە مېنى.
كۆزۈمنى يۇمدۇرما كىرپىكلىك بىلەن،
قەبرەمدە سېغىنىپ قالمەن سېنى.

2013 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ



## جانانجان

ۋەسلىڭىز ئاستىمدا گۈلزارى ئاسمان،
جىنىمنىڭ جانانى — جانانجانىم.
ئۆلگىلى ماڭغاندەك لەززەتتە بۇ جان،
ئۆلۈمنى كۈلدۈرۈپ ئارامجانىم.


مۇھەببەت چۆلگە كەتتى قەلەندەر،
بىر ئاشىق قەلبكە يەتتى قەلەندەر،
جاھانغا ئىشىكنى ئەتتى قەلەندەر،
كۈلاھى — جەندىلىك دىۋانە جانىم.

غەزەلگە كىرگەندە ھاۋايى پىراق،
غەزەلخان كۆكسىگە سانچىلۇر پىچاق،
بىر ئەجەل - بىر غەزەل، ئاللاھ، ئاھ بىراق ...
ئاللاھنىڭ چىرىغى — نۇرانە جانىم.

مەن ئۆلەي، ئۆلگىچە ئەزەلدە تۇراي،
تا جىنىم چىققۇچە ئەجەلدە تۇراي،
ئۆلگەندە بىر شېرىن غەزەلدە تۇراي،
ناۋاكەش بۇلبۇلى - بىگانە جانىم.

2013 - يىلى 14 - ئۆكتەبىر. قوشتاغ

www.uyghurkitap



# ھېيت

كاشكى، مەن بولسامچۇ بوغۇزلانغاي قوي،
قۇربانلىق بولسام مەن خۇشاللىق ئۈچۈن.
ئىچىمدە ئاقىدۇ ئېرىق - ئېرىق لاي،
كۆلكەمدە ئاقىدۇ كۆز يېشى بۈگۈن.

ئادەملەر نېمانچە كۈلىدىغاندۇ،
يېگىنى ئۈچۈنمۇ تويغۇدەك تائام؟
نېمانچە بەخت بۇ تۈگمەيدىغان،
سۆيگۈنىڭ لەززىتى ئەمەسقۇ ھارام؟!

ئاسماننى ئۆرۈلۈپ چۈشمىسۇن دەيمەن،
لېكىن ئاھ يۆلەيمەن قايسى تامنى مەن؟
مۇھەببەت شارابى تۆكۈلۈپ كەتتى،
ئەمدى ئاھ، كۆتۈرەي قايسى جامنى مەن؟!

بەش يۈز يىل ئىلگىرى ياشىغان بولسام،
بەلكى مەن ھەزرىتى نەۋايى ئىدىم.
ھېيت كۈنى ئاچلىقتىن ئۆلمەن ئەمدى،
چۈنكى مەن شېئىرنىڭ نېنىنى يېدىم!

2013 - يىلى 15 - ئۆكتەبىر. قوشتاغ

# شەھەرنىڭ ساقايماس كىندىك يارىسى

ۋەھشەتتە قىينايدۇ تولغاپ پىراقنى
سۆيگۈنىڭ سوۋۇغان بالاياتقۇسى.
يېقىنغا ئەكېلىپ قويدى يىراقنى،
يارنى بىر سۆيگۈچە تاڭلار ئاتقۇسى.

ۋاي خۇدا، يۈزۈمگە ئۆزۈم تۈكۈرۈپ،
ئاھ دەپلا دەرۋىشكە ئايلىنىپ كەتتىم.
ئىچىمدىن تېشىمغا چىقسام يۈگۈرۈپ،
دۇنيانىڭ كەينىدىن يارىمغا يەتتىم.

يار دېگەن دۇنياغا دار ئىكەن ئەسلي،
قۇياشنىڭ قوينىدا ئاينىڭ بالىسى.
گۈلدىكى چۆل ئىكەن مۇھەببەت پەسلى،
شەھەرنىڭ ساقايماس كىندىك يارىسى.

2013 ـ يىلى 16 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap

## ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆلۈڭلار

ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆلۈڭلار
— ئەھمەد يەسسەۋىي

ئەي، يىغلاپ ئۆتكۈچى زىكرىئاللاھتا،
يۈرىكىم ئىشقنى تۈيدى گۇناھتا.
ئەي، گۆردە ئۇن يىللاپ تىرىك ياتقۇچى،
بىر ئۆلۈك ھاياتقا كىيەن ياپقۇچى.

ئەي شاھگاھ، ئەي قۇلدان، ئەي دەردى دەمدەر،
مىڭ يىللىق ھەسرىتىڭ بولدى بىر دەپتەر.
ئۆلۈمنى ئويغىتىپ كەلدىڭ قەلەمدە،
روھىڭنى چاقنىتىپ قايغۇ ـ ئەلەمدە ...

راست ئۆلۈم قەيەردە؟ بەلكى ئۆزۈمدە،
راست ئۆزۈم قەيەردە؟ بەلكى ئۆلۈمدە.
ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆلەرمەنمۇ مەن؟
سەن كەبى قەبرەمدىن ئۇنەرمەنمۇ مەن؟!

2013 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ

# بەد مۇقام

مۇھەببەتنىڭ مۇقامىدا شاراب بارمۇ؟
نەزم يىغلار، كۆي ئەۋجىدە ئازاب بارمۇ؟
جاندىن ئۆتۈپ جانان بولدى دەردىم مېنىڭ،
يارنى سۆيۈپ ئۆلۈپ كەتسەم ساۋاب بارمۇ؟

چۈش كارىۋىتى غىچىرلايدۇ، غىچىرلايدۇ،
تۈن ئوغرىسى يۇلتۇزلارغا پىچىرلايدۇ،
جاندا ئۆلۈم قۇچقاچلىرى ۋىچىرلايدۇ،
بۇ دۇنياغا ئاندىن ئارتۇق جاۋاب بارمۇ؟

ئوتنىڭ قىزىل كۆڭلەكلىرى كۆل بولمىسۇن،
سۇنىڭ نازۇك ئېتەكلىرى ھۆل بولمىسۇن،
ئاينىڭ ئاپپاق سۆڭەكلىرى چۆل بولمىسۇن،
يار دەردىدە مەندەك باغرى كاۋاپ بارمۇ؟

شاھقۇلى كىم، قەلەندەرخان نەدە ياتۇر؟
ئاشىق ئۆلۈم ھارۋىسىغا جاننى قاتۇر،
يار خەجگە كېرەك بولسا ئۆزىن ساتۇر،
ئۆلمەي ئۆلگەن مەندەك ھالى خاراب بارمۇ؟

2013 ـ يىلى 18 ـ ئۆكتەبىر. قوشتاغ

# مېنىڭ كۆڭلۈم تېخىچىلا ئاق

يىگىرمە يىل شېئىر يېزىپ مەن،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخىچىلا ئاق.
ئۆلۈم بىلەن توي قىلدىممۇ مەن،
جۇدالىشىپ ھاياتتىن، ياق - ياق ...

يىگىرمە يىل ئۇنسىز سۆيۈپ مەن،
بىر قىزنى يار قىلدىممۇ، ياق - ياق.
قاپقاراڭغۇ ئىشق تۈندە
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخىچىلا ئاق.

ئاقتى كۆزۈم تۈندە پەلەككە،
كىرپىكلىرىم يۇلدى يۇلتۇزنى.
ئۆتتۈم شۇنچە يىلدىن بىرى مەن
كېچىلەردىن ئىزدەپ كۈندۈزنى ...

مېنى قارا باستىمۇ، ياق - ياق،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخىچىلا ئاق.

2013 - يىلى 17 - نويابىر. قاراقاش

## مۇشۇ ئېغىر لەھزىلەر ئارا

مۇشۇ ئېغىر لەھزىلەر ئارا
يىراق مېنىڭ قەلبىمدە بۇلبۇل.
قەيەردىدۇر ئۆلمەكتە بىر كىم
قاراپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۇدۇل.

قىلسا بىر كىم كۆز ياشنى ئەينەك،
ئۆز ـ ئۆزىگە باقار ھەسرەتتە.
ياساپ بىركىم قاندىن ھاياتنى،
بۇ دۇنيانى ياشار نەپرەتتە.

مۇشۇ ئېغىر لەھزىلەر ئارا
تۈننىڭ قارا گۈللىرى ئاپپاق.
كىملەر كىمدۇ ئېيتقانچە ناخشا
يۈرىكىمگە دەسسەپ ئاھ، يۇمشاق ...


2013 ـ يىلى 21 ـ نويابىر. قاراقاش

# قىش بىر قوتۇر ئىت

مېنى يىغلىغلى قويۇڭلار
ئۆلۈمنى سېغىنىپ كەتتىم،
ــ ئۆلۈم قەيەردە؟
ــ هاياتتا.
ــ هايات قەيەردە؟
ــ ئۆلۈمدە.
ــ ئۆلۈم قەيەردە؟
ــ هاياتتا ...
هايات
شېئىردا ئەمەس،
شېئىردا بولسا
خۇدانىڭ قولىدا قەلەم.
ناخشىدا ئەمەس،
ناخشىدا بولسا
يۈرەكتىكى ئەلەم ...
قىش بىر قوتۇر ئىت
دەرەخلەر كېسەل
بىراق
خازاننىڭ چۈشى يوق،
چۈنكى
چۈش خازان بولمايدۇ.

...
ھايات نېمە،
مەن مەي ئىچكەن ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ
قاچىسىدىكى زەھەرمۇ؟
جەننەت ۋە دوزاخقا قايرىلىدىغان ئىككى يولنىڭ
ئاچىسىدىكى سەھەرمۇ؟
مەن ...
ئۆلۈمنى سېغىنىپ كەتتىم،
ئۆلگۈدەك ھايات يوق،
ھاياتلىق ئىزدەپ
خوتەندىن كەتتىم.

2013 ـ يىلى 21 ـ نويابىر. قاراقاش



## ئۆلۈمگە ئالغا!

قېنىم مۇزلاپ قالدى،
جېنىم جەھەننەمدە ئەمگەكچى.
بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمغان ھامان
ماڭا چوقۇم قەبرە كەلمەكچى.
ئىشەنمەيمەن، دوستلۇق ئۆيۈلتاش،
ئۇرۇق ـ تۇغقان زەنجىر ـ كىشەن دەپ.
دېمەيمەن تۇن ـ كېچىلەرگە ھەم
مۇھەببەت بىر قۇياش، ئىشەن! دەپ.
چاقماقتىمەن تەن قەپىسىمنى
بەلكىم كۆككە ئۇچۇپ كېتەرمەن.
جابدۇنماقتا قەلبىم سەپەرگە،
بەلكىم نەچچە كۈندىن كېيىنلا
بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كېتەرمەن ...
ياشىساممۇ ئۆلۈم بىلەن تەڭ،
ئۆلمىسەممۇ ياشىماسمەن ھېچ.
چۈنكى ھايات سانچىلدى مېنىڭ
يۈرىكىمگە بولۇپ بىر قىلىچ.
قىلىچ سىپى تۇرار قولۇمدا
بىر دەستە گۈلدەك.
گۈللەر ئارا غايىب ھاياتىم
خۇددى بىر چۆلدەك ...

غىڭشىپ ـ غىڭشىپ ئېيتىمەن ناخشا:
ئۆلۈمگە، ئۆلۈمگە ئالغا، ئالغا!

2013 ـ يىلى 23 ـ نويابىر. قاراقاش

# تاياق

1

ئۇخلىيالماي كىرپىكنى ساناۋاتقانلارغا
ئويغىنالماي چۈشنى چاناۋاتقانلارغا
ياشىيالماي ئۆلۈمنى سېسىق جانغا سېتىۋاتقانلارغا
ئۆلەلمەي ھاياتنى ئۆزىگە ئوق قىلىپ ئېتىۋاتقانلارغا
تاياق يەيدىغانلار
ۋە
يەۋاتقانلارغا
دەيمەن سىلەر بىر ئۆمۈر يەيدىغان تاياق
قوۋۇرغاڭلار كەبى
دانە ـ دانە ئون سەككىز ...

2

ئۆلگىچە ئۇرۇڭلار
ئۆلسەم يەنە ئۇرۇڭلار،
بىراق
ئۆلۈكۈمنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار
جەسىتىم تېنىمدە يىغلاپ قالمىسۇن.
ئىككى پۇتۇمنى قوغلىۋەتمەڭلار،
ئىككى قولۇم ياقاڭلاردا تۇۋلاپ قالمىسۇن.

قىنىمنى كوچىغا چىچىۋەتمەڭلار
كۆز يېشىم سىلەردىن قىساس ئالمىسۇن ...
ئالا ـ پالاق
ئىمىر ـ چىمىر
شاراب قايناۋاتىدۇ
بۇلبۇل سايراۋاتىدۇ
قىز يىغلاۋاتىدۇ
ئاز قالدى ... ھە ...
ئەبلەخلەر!

3

تاڭلىرىم قارا
سائادىتىم كۈلپەت بىلەن.
ھاياتىم ـ ئۆلۈم،
ئۆلۈمىم مۇھەببەت بىلەن.
مۇزلىغاندا كىيگەن زىمىستان
ئاچ قالغاندا يېگەن قامچىلار،
تۇپراق بولۇپ پۇتۇمغا زەنجىر،
ئاسمان بولۇپ بېشىمغا تەقدىر ...
ياشمايلا ئۆلۈپ كەتسەم مەن
مېنى نەدىن تاپىدۇ ۋەتەن؟!

4

يىغلىسام بولمايدۇ،
يىغلىسام
كۆز ياشلىرىم ئېقىپ كېتىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

كۆز ياش ــ
ھەر دانىسى بىر قۇياش.
شۇڭا
يىغلىغاندا ئالەم قاراڭغۇ ...

5

ۋادەرىخا
تاياق ئەرگە دورا،
قەلبنى كۆندۈرىدۇ
تەنگە يۈكۈندۈرىدۇ ...
يالغان!
تاياق يېمەستە قورقاتتىم،
يەۋېتىپ
قورقماسلىقنى بىلدىم.
ئۆلمەستە قورقاتتىم،
ئۆلۈۋېتىپ
ئۆلمەسلىكنى بىلدىم.
يىغلاشتىن نومۇس قىلاتتىم،
يىغلاۋېتىپ
نومۇسنى بىلدىم.
ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقاتتىم،
يوقىتىپ
ئىزدەشنى بىلدىم.

6

تاياق ھەققىدە شېئىر يېزىۋاتقاندا
قېچىشقان دۈمبەمنى،

هاياجاندا تىترەپ قولۇمدىن
چۈشۈپ كەتكەن قەلەمنى،
تېنىمدىكى شاۋقۇنلۇق قاننى
خۇش بولغان جاننى
ھېس قىلدىڭلارمۇ؟!

7

كاشكى، بىر كۈنلەر كەلسە
مەيدەمنى كېرىپ چىقسام كوچىغا.
جەڭگە چاقىرسام بورانلارنى
قوم دۆۋىلەپ يىڭنە ئۇچىغا.
كاشكى ...
تاياقلارنى سۇندۇرۇپ،
تۆكۈلگەن مۇشتلارنى ئېچىۋەتمىسەم.
قەدىرسىز قالغان كۆز ياشلىرىمنى
كۆلۈپ تۇرۇپ ئىچىۋەتمىسەم.
خەپ... !

2013 ـ يىلى 28 ـ نويابىر. قاراقاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

## غوجىمۇھەممەد ۋاپات بولدى

ئەييۇھەنناس
غوجىمۇھەممەد ۋاپات بولدى.
ئەييۇھەنناس
غوجىمۇھەممەد ۋاپات بولدى.
جىنى جەھەننەمدە ئەمگەكچى
روھى ئەسكى جىنلارغا قانات بولدى.
تېنى تۇپراققا كىرىپ
قۇرت ـ قوڭغۇزلارغا رابات بولدى.
تۇفىي
شېئىر يازغان ئەبلەخ!

تىرىك كىشى ئۆلۈمدە يۈرىدۇ،
ئۆلدۈم دېمەيدۇ.
جىنىنى ئاچ قالغانلارغا بېرىدۇ،
ئۆزى يېمەيدۇ.
يەرنى ئايىغىغا كەش،
ئاسماننى بېشىغا كۇلاھ قىلىپ كىيمەيدۇ.
تىرىك كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ،
ئۆلمەيدۇ.
تۇفىي
ئۆلگۈر ئەبلەخ!

ئىسمىنى ئۆچۈرىۋېتىڭلار
ئىزلىرىنى سۈپۈرىۋېتىڭلار
ئۆلگەندىكىن
يوق بولۇپ كەتسۇن.
يوقلۇقتىن يوقلۇققا ئېتىلغان
ئوق بولۇپ كەتسۇن.
بۇ ئوق كىمگە تېگەر؟
بۇ ئوق ئەمدى كىمنى ئۆلتۈرەر؟
ئاللاھ بىلەر
ئاللاھ،
ئاللاھ!...

تۇفي
ئۆلۈكى قاتىل!

2014 ـ يىلى 28 ـ يانۋار. يەكەن

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap

# قىساستا هايات بار

ئاسمانلار ۋە زېمىنلارنىڭ يارىتىلىشىدا
كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە
ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا
يەر يۈزىدە تارقىلىپ يۈرگەن هايۋانلاردا
شامال يۆلىنىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدە
ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا
تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغ مۆجىزىلىرىدىن باشلاپ
ئەڭ كىچىك زەررىچىلىرىگىچە
نېمىنى ئاڭلىدىڭ،
يارنىڭ خەۋىرىنى؟!
يار نەدە،
يەسسەۋي ياتقان غاردىمۇ؟
مەشرەپ ئېسىلغان داردىمۇ؟
مەنسۇرنى كۆيدۈرگەن ئوتتىمۇ؟! ...


يار قانداقكى، كۆكسۈڭنى ئاچساڭ!
شاراب قانداقكى، قەدەهنى چاقساڭ!
ئۆزۈڭنى تاپساڭ نە بولۇر،
تاپساڭ نە بولۇر، ئۆزۈڭدە ياتساڭ؟!
نە بولۇر ئويغىنىپ
قىلدەك تولغىنىپ

## ئىشق چۆلگە قاچساق؟!

ياشاپ، ئۆلىدىغان ئىنسان
ئۆلۈپ، تىرىلىدىغان ئىنسان
ئۆلتۈرمە، ئۆلىسەن
قىساستا ھايات بار

ئويلىمساق ئۆلۈكسەن
ئويلىساق ئۆلىسەن
ئۆلۈپ يەنە تىرىلىسەن
ۋەدە قىلىنغان كۈن بار ...

2014 ـ يىلى 7 ـ مارت. خوتەن



## قومۇلغا كىرىش

قومۇلنىڭ ئىشىكىنى ئىشق دەرلەر
كىردى ئىشىكتىن بىر قەلەندەر.
قۇچاق ئاچتى ئاتا باشتا
ھېيتكاھتىكى قەبرىلەر.
ئاندىن
تۆمۈر خەلپە يۈرگەن رەستىلەر.

رەستىلەردە ئۆتكەنكى ئىشلار

مۇقام ئون ئىككى،
بىرى يىغلاپ، بىرى كۈلۈپ
جېنىمنى جاڭگالغا ئاپاردى.
تېنىمنى سۇغا سېلىپ،
روھىمنى ئوتتا سۇغاردى.
ئاي خېنىم ئايدىن يورۇق،
كۆك خېنىم كۆكلەمدىكەن.
غىجىكى مەجنۇن دىۋانە،
جەندىسى ئۆشنەمدىكەن ...
نە ئۆلەي دەپ كەلگىنىم،
تاغدا ئاسمان پادىشاھ.
تاغدا ئاسمان مەن دېسەم،

ئۇ مېنىڭ ئۆگزەمدىكەن
. ...
قوچىغۇنىنىڭ چاچلىرى
قار قاپلىغان باغداش ئىكەن.
سەمەت ئەسرا تۇرالاردا
چاقنىغان قاشتاش ئىكەن.
ئا. ئۆمەر ھاجى غېرىب،
دەم كۈلۈپ، يىغلايدىكەن.
ئويغىنىپ ياقۇپ چۈشىدە
ئۆزىنى تىغلايدىكەن.
ئۇچقۇن يېنىپ تۈن كۆكىدە
يۇلتۇز بولۇپ چاقنايدىكەن.
ئوسمان قاچان زاھىر بولۇر
دەپ قومۇل توۋلايدىكەن.
يىغلاپ بېرەي كىمگە، كۈلۈپ بېرەي كىمگە،
ياشاپ بېرەي كىمگە، ئۆلۈپ بېرەي كىمگە؟
خوتەندىن كەتتىم، ۋەتەندىن كەچمىدىم،
باغدىن كەتتىم، چىمەندىن كەچمىدىم.
ھايات ئۆلدۈم، ئۆلۈمدە ياشىدىم،
خازان بولدۇم، گۈلۈمدىن كەچمىدىم.
شۈكرى ئاللاھ،
سۈكۈت قىلدىم، سۆزۈمدىن كەچمىدىم
ئاخىر بىلدىم، ئۆزۈمدىن كەچمىدىم.
بولاي كىمنىڭ يارى، كىشىنىڭ نېمە كارى
مۇھەببەت، مۇھەببەت، مۇھەببەت ...
مۇشۇ تۇرسا مەندە يوقۇ ـ بارى ...
مۇقام سارىيى ئالدىدا تۇرسام

تۈيغۇز كىتاب تورى www.uyghurkitap



ئاڭلاندى پىرچەڭگىنىڭ ساتارى،
جېنىم چىقماي قىنالدىم بەكمۇ
ئۆلەي دەپ ئاشقلار قاتارى ...
ئەيىۇھەنناس
قەبرىگە پاتمىغان قومۇلنى
موزېيخانىغا تىزىپ قويۇپتۇ.
قەلبىگە پاتمىغان قومۇلنى
چاشمىغا سىزىپ قويۇپتۇ.
ئېزىپ كەتكەن قومۇلنى
بېيت توقۇپ ياندۇرۇپتۇ.
قومۇل دېگەن سۆز بىلەن
چىرىغىنى ياندۇرۇپتۇ.

ئۆلۈمدىن بىر ۋاراق بەر
هاياتىم شېئىر!

2014 ـ يىلى 24 ـ مارت. قومۇل

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۇل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: مۇھەممەتسىدىق تاھىر
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

**مۇھەببەت، ئىشىكىڭنى ئاچ**
(شېئىرلار)

ئاپتورى: غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد
نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون نومۇرى: 0998 ـ 2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 8.5
نەشرى: 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
باھاسى: 40.00 يۈەن